2025 فېۋرال
ئومۇمىي 66-سان

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



خىتاي، ئامېرىكا ۋە ئۇكرائىنا
**80**



ئۇيغۇرلار ۋە Deepseek
**75**



ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر
**1**

2025 فېۋرال

ئومۇمىي 66 -سان


# ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.


باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ئازادئاي غەيرەت
شۇڭقار تېكىن

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org



ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**


6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

خىتاينىڭ سۈنئىي ئەقىل دېتالى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى يوققا چىقىرىشقا كۆچمەكتە

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلغۇچى ئامېرىكادا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى 31

ھەقىقەت قانداق بۇرمىلىنىدۇ؟ 10

## ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە ترامپنىڭ يېڭى دۇنيا تەرتىپى

ماراكەشنىڭ دىنىي كەڭ قورساقلىقى خىتاينىڭ ئۇيغۇر كىرىزىسىنى ھەل قىلالامدۇ؟ 65

## خىتاي تەتقىقاتى

خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئۇكرائىنا مەسىلىسىدە ئورتاقلىق تاپتى

ئامېرىكا ياردەمنى ئۈزدى، خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئىشتىن توختىدى 84

## تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر

دونالد ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا خىتاينىڭ پاناما قانىلىدىكى شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى 34

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

مۇھەممەت قۇتلۇق زۇھۇرىدىن ھاكىمبەگ 55

تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەسى ۋە چىقىش يولى 46

## كۆڭۈل ۋە تەن

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ يەتتە ئادىتى 41

## تارىخ ۋە بىز

مەن بىلىدىغان غۇلامىدىن پاختا ئاكا 21

## گۈلىستان

بىت تەڭگىسىنىڭ ئۆلچىمى 70













THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي





# 16 ـ لېكسىيە: ھەرىكەت ۋە قارشى ھەرىكەت — ئويۇن نەزەرىيىسى

مەيلى رومانتىك ئويۇنلاردىكى ئاشىق-مەشۇقلار بولسۇن، ياكى ماشىنا ئويۇنلىرىدىكى شوپۇرلار بولسۇن، ۋەياكى سىياسەت ئويۇنلىرىدا كۆپ بىلەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن رىقابەتلەشكەن سىياسەتچىلەر بولسۇن، ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرغىنىدا ئويۇن ئوينىشىدۇ. ئويۇن نەزەرىيىسى، ئىككى ياكى تېخىمۇ كۆپ ئويۇن ئوينىغۇچى يەر ئالغان ئويۇنلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىستراتېگىيە تۈزۈپ چىقىش جەھەتتە (ئويۇنچىلارنى) ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ لېكسىيەدە بىز ئويۇن نەزىرىيىسىنىڭ قانداق يۈرۈشىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىر قاتار ئويۇنلارغا نەزەر سېلىپ چىقىمىز.

## نيۇيورتكا كۆرۈشەيلى

ئويۇن نەزەرىيىچىسى توماس شىلىڭ (Thomas Schelling) بىر ئويۇن لايىھەلىگەن. ئويۇن ئىككى كىشىنىڭ نيۇيوركتا ئۇچرىشىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ۋاقىت ۋە بىر جاينى بەلگىلىيەلىسە، ھەر بىرەيلەن مىڭ دوللارغا ئېرىشىدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن. بۇ ئىككى كىشى بىر بىرىنى تونۇمايدىغان، ئالاقە قىلىشالمايدىغان بولۇپ بولۇپ، ئۇچرىشىش ۋاقتى ۋە ئورنىنى چوقۇم ئوتتۇز سېكونت ئىچىدە بەلگىلەپ بولۇشى لازىم.

بۇ ئويۇن شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئۇچۇر كەمچىل ئەھۋالدا بىز چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىي كۈچىمىزنى ۋە لوگىكىلىق ئىقتىدارىمىزنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىمىز. كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇچرىشىش ئورنىنى ۋاقىت مەيدانى، ياكى مەركىزى چوڭ بېكەت، ۋەياكى ئىمپىرىيە دۆلەت بىناسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ۋاقىتنى بولسا چۈش ۋاقتى دەپ بېكىتىدۇ.

بۇ ئويۇننىڭ باشقا بىر تۈرىدە قاتناشقۇچىلارغا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ۋە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر بېرىلىدۇ. ھەيران قالارلىقى، بېرىلگەن ئۇچۇر كۆپەيگەنسېرى ئانالىتىك تەپەككۇرنىڭ ئېنىقلىقى چۈشۈپ كېتىدىكەن.

بۇ خىل جەڭ ئېلان قىلىشقا جاۋاب بەرگەندە ئۇچۇر بېرىلگەن ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ دائىرىسى ئۇچۇر بېرىلمىگەن ئەھۋالغا قارىغاندا كۆپ كەڭرى بولىدۇ.

## ھايات ئويۇنى

ھايات بىر قاتار ئويۇندىن ئىبارەت. مىڭ-مىڭغا ماشىنا بىلەن تولغان بىر قاتناش مۇھىتىدا ماشىنا ھەيدەۋاتقىنىڭىزدا ۋە قاتناشتىكى نامىسىز رىقابەتچى رەقىبلەر بىلەن يول تالىشىۋاتقىنىڭىزدا سىز ئويۇن ئويناۋاتقان ھېسابلىنىسىز. سىز خوجايىنىڭىزدىن مائاشىڭىزنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىڭىزدا سۆھبەت ئويۇنى ئويناۋاتقان ھېسابلىنىسىز.

ئويۇنى نەزەرىيىسى مەسىلىلەرگە ئەقلىي مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىنىڭ ئۇچۇر كەمچىللىكىگە دۇچ كەلگەن قىيىن پەيتتە قانداق ئەقىل ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندا، ئەقىلىمىز بىز بىلەن بىر قاتار ئويۇنلارنى ئويناپ، بىزگە ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىستراتېگىيەنى سۇنىدۇ.

ئويۇنلارغا «نىشاننى مەركەز قىلغان بىر قانچە قارار بەرگۈچىنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئۇتۇشى» دەپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ. مۇئەييەن بىر ئويۇن ئويۇنغۇچىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى باشقا بىر ئويۇن ئويۇنغۇچىنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىق. بۇنىڭدىن سىرت، بىر قاتناشقۇچىنىڭ ھەرىكىتى باشقا بىر قاتناشقۇچىنىڭ ئىنكاسىغا باغلىق.

## ئويۇن نەزەرىيىسىنىڭ تارىخى

ئويۇن نەزىرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى جون ۋون نيۇماننىڭ (John von Neumann) قارتا سوقۇش تېخنىكىسىنى تەھلىل قىلىش تىرىشچانلىقى بىلەن باشلانغان. 20 يىلدىن كېيىن ۋون نيۇمان ۋە ئۇنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى ئويۇن نەزەرىيىسىنىڭ ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ئاساسى بولالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئويۇن نەزەرىيەچىلىرى بىز رېئال دۇنيادا ئۇچرايدىغان ھەر خىل ئويۇنلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆزگەرگۈچى ۋە تەڭلىمىلەردىن تەركىب تاپقان ماتېماتىكىلىق مودېللارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ

تەگلىملەر ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان رېئال دۇنيا ۋەزىيىتىدە يولغا قويماقچى بولغان «ئەڭ ياخشى» ئىستراتېگىيىنى نامايان قىلىدۇ.

ئويۇن نەزەرىيىسى دۇنيانىڭ قانداق يۈرۈشىدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، ئويۇن نەزەرىيىسى ھەر بىرىمىزنى «ئەقىللىق ئارتىس» دەپ پەرەز قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك بىزنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشتا ئاقىلانە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز نىشانغا يۈزلەنگەن ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىشتە ئۈنۈمنى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقىرىشنى كۆزلەيمىز. يەنى پايدىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىقىرىشقا، ئەڭ يۇقىرى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋەياكى ئۆزىمىزگە كېلىدىغان زىياننى ئەڭ ئازغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىمىز. مانا بۇ ئىساننىڭ تەپەككۇرىدىكى تەننەرخ ئۈنۈمى ئانالىزىدۇر.

ئويۇن نەزەرىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيە دۇنياسىغا قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىلىرىدىن بىرى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى يادرو توقۇنۇشىدا يۈز بەردى. ئويۇن نەزەرىيىچىلىرى يادرو قورال مۇسابىقىسىنىڭ ئىككى كىشىلىك ئىستراتېگىيە ئويۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. بۇ ھال بولۇپمۇ «مەھبۇسنىڭ قىيىنچىلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

«مەھبۇسنىڭ قىيىنچىلىقى» — يادرو قوراللىنىش مۇسابىقىسىنىڭ ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ باسىدىغان خاتا قەدىمى سەۋەبلىك قانداق بىر مەغلۇبىيەتكە يول ئاچىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇ ئويۇن بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ بىلمەيدىغان ئىككى ئويۇنچىدىن تەشكىل تاپىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەمكارلىشىش ياكى ئويۇندىن ۋاز كېچىش تاللىشى بار. ھەر ئىككى مەھبۇس ئايرىم-ئايرىم سوراققا تارتىلغان چاغدا مەھبۇسلارنىڭ قارشى تەرەپنى جىنايەتكە شېرىك قىلىش ياكى سۈكۈت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنى قوغداش ئۈچۈن كېلىشىۋالسا، ئىككىلىسى پايدىلىق مۇكاپات ئالىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە جىنايەت ئارتىش يولىنى تۇتسا، ھەر ئىككىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك جازاغا ئۇچرىشىدۇ.

ئەگەر بىر مەھبۇس ھەمكارلىشىش، يەنە بىرى چېكىنىش يولى تۇتسا، ھەمكارلىشىش تەرەپتارى بوشراق جازاغا ئۇچرىشىدۇ، لېكىن چېكىنگۈچى قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئاساسىي ئىستراتېگىيە چېكىنىشتۇر. چۈنكى، ھەمكارلىشىش بەك كۆپ خەتەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئويۇن نەزەرىيىسى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن يادرو توقۇنۇشىدىكى ئاساسلىق ئىستراتېگىيەنىڭ چېكىنىش ئىستراتېگىيىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئويۇن تۈنجى يادرو ھۇجۇمىنى باشلىغان دۆلەتنى ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ.

مەنتىقىلىق مەنتىقىسىزلىك

ئويۇن نەزەرىيىسى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ پىلانلىرىنىلا ئەمەس، شۇ پىلانىمىزنىڭ نەتىجىسىگە قىزىقىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ پىلانلىرىمىزغا قايتۇرغان ئىنكاسىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بىز بۇ ئىنكاسلارغا قاراپ چىقىش ئارقىلىق ئۇنۇمى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئىستراتېگىيىنى تاللىساق بولىدۇ.

بىراق، بەزى چاغلاردا رەقىبىمىزنىڭ ئىنكاسى مەنتىقىسىز ياكى پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان بولۇشى مۇمكىن. بىز ئويۇننىڭ پايدىسى ھەققىدە خاتا ھۆكۈم چىقىرىشىمىز مۇمكىن. يەنى، باشقا كىشىلەر ئويۇننى تېخىمۇ يۇقىرى ياكى تېخىمۇ تۆۋەن ماھارەت بىلەن ئويىنىشى مۇمكىن. بۇ ۋەجىدىن، بىزگە مەنتىقىسىز بىلىنەشكەن بىر ئىش رەقىبىمىزگە بەك مەنتىقىلىك بىلىنىشى مۇمكىن.

شۇنداقلا، رەقىبلەر ئىستراتېگىيىلىك نەتىجىگە ئېرىشەلەش ئۈچۈن مەنتىقىسىز ئىش قىلىۋاتقاندەك ھالەتكە كىرىۋېلىشى مۇمكىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئويۇنچى مەنتىقىسىز ئىش قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق ئۆزىنى مەنتىقىلىق ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇ ۋەجىدىن، بىز ھېساب-كىتاب قىلغان بۇ مەنتىقىلىكلىك ۋە مەنتىقىسىزلىك ئۇقۇمىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

كۆپ ئويۇنچى قاتناشقان بىر ئويۇندا بىر ئويۇنچىنىڭ غايىسى — مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر — باشقا بىرىنى مەغلۇپ قىلىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل مەنتىقىلىق مەنتىقىسىزلىك يىگىرمە دوللارلىق بىر كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش ئويۇندا كۆرۈلگەن.

بۇ ئويۇندا ئۇتۇپ چىققۇچى 20 دوللار ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى سوممىنى بېرىشى كېرەك، ئىككىنچى بولغۇچى بولسا ئوتتۇرۇۋېتىلگەن سوممىنى تۆلىشى كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر ئۇتۇش سوممىسى 4 دوللار بولسا، ئۇتقۇچى يىگىرمە دوللارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۆت دوللار تۆلىشى لازىم، ئىككىنچى قېتىم باھا بەرگۈچى ئۈچ دوللار تۆلىشى لازىم.

كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش جەريانىدا، ئاخىرقى ئىككى رىقابەتچى ئۈچۈن پايدىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇلار 20 دوللارنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس، زىياننى ئەڭ ئاز مىقدارغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كىم ئارتۇق باھا تەكلىۋى بېرىدۇ.

مەنتىقىلىكلىك پەرىزى يەنە باشقا بىر ئويۇنچى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئويۇندىن كېلىدىغان پايدىنى خاتا تونۇشىمىزغا يول ئاچىدۇ. ئويۇندىكى ھەممەيلەننىڭ ئوخشاش تۈرتكە بىلەن ئويۇنغا ئىشتىراك قىلغىنىنى پەرەز قىلالايمىز. بىراق، مەسىلەن سودا ساھەسىدە بەزىلەر پۇل سەۋەبلىك، بەزىلەر تونۇلۇش ئۈچۈن، بەزىلىرى ئۆز كۈچىنى كۆز-كۆز قىلىش ئويۇنغا قاتنىشىشى مۇمكىن.

ئەڭ كۆپ تارقالغان خاتا چۈشەنچىلەردىن بىرى «ئەينەككە قاراش» خاتالىقىدۇر. بىز رەقىبىمىزنىڭ ياكى خىزمەتدىشىمىزنىڭ بىز بىلەن ئوخشاش قىممەت قاراشتا ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىمىز. بەلكىم بۇنداق قىلىپ خاتالاشقان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ھەرىكەتلىرىمىز ۋە كۆتكەن ئىنكاسلىرىمىز بۇ تەخمىنىمىزنى ئاساس قىلىدۇ. ئاقىۋەتتە «مەتىقسىز» بىر ئىنكاس سەۋەبلىك ھەيران قالىمىز.

سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى روبېر مىكنامارا (Robert McNamara) بۇ خاتالىقنى ۋېيتنام ئۇرۇشى مەزگىلىدە بايقىدى. مىكنامارا بۇ بىر چەكلىك ئۇرۇشتا سەۋزە ۋە كالتەك ئويۇنى ئوينىغان ئىدى. ئۇ ۋېيتناملىقلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتا ئۆزلىرىنى ئامېرىكالىقلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلەلمەيمىز دەپ قارايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلغان. ھالبۇكى، ۋېيتناملىقلار ئويۇننى باشقا شەكىلدە ئوينىدى: ئۇلارنىڭ ئوينىغىنى دۆلەتلىك ئازادلىق ئۇرۇشى بولدى.

ئورتاق يەرلەر تراگېدىيىسى

«ئورتاق يەرلەر تراگېدىيىسى» — كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مەنتىقىلىك مەنپەئەتىنى قوغلىشىش جەريانىدا تەۋەن مۆلچەرلەنگەن بىر گۇرۇپپىنىڭ نەتىجىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىن كېلىپ چىققان بىر مۇشكۇل ئەھۋالدۇر. بۇ نام ئېكولوگىيە ئالىمى گارېت ھاردىن (Garrett Hardin) تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ نام پادىچىلارنىڭ كالىلىرىنى ھەممىگە ئورتاق ئوتلاقتا ئوتلىشىدىن كەلگەن. بۇنداق يەردە ئوتلىتىشقا قارشى ھېچقانداق چەكلىمە بولمىغانلىقتىن، كۆپلەپ ھايۋان ئوتلىتىلىغانلىقى ئۈچۈن يەر تېزلا كېرەكتىن چىقىدۇ.

بۇ خىل مۇشكۇللۇكنىڭ نېگىزى — پادىچى قايماق ھوسۇلىدا پايدىغا ئېرىشكىنى بىلەن، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدۇ. شۇڭلاشقا، گەرچە ئۇنداق قىلىش ئورتاق بايلىققا زىيان سالسىمۇ، لېكىن

ھەر بىر پادىچىغا نىسبەتەن بۇ ئوتلاقتا قانچە كۆپ كالا ئوتلىتالىسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن بەكمۇ مەنتىقلىق بىر ئىش. ئەمەلىيەتتە ئەقلىنى ئىشقا سالىدىغان پادىچىنىڭ يەكۈنى شۇكى، بىردىنبىر مەنتىقلىق ئۇسۇل كالىلىرىنىڭ سانىنى توختىماستىن ئاۋۇتۇشتۇر.

ھاردىن بىزنىڭ دۆلەت باغچىسى سىستېمىمىزنى زامانىۋىي ئورتاق سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. باغچىلارنىڭ دائىرىسى چەكلىك، بىراق بىزنىڭ نوپۇسىمىز توختاۋسىز رەۋىشتە ئاشماقتا. بۇ ۋەجىدىن، سەيلە ـ ساياھەتچىلەرنىڭ باغچىدىن كۆتىدىغانلىرى بارغانچە تۆۋەنلىمەكتە.

بۇ خىلدىكى پايدىنى ئۆزى ئېلىپ، چىقىمنى ئومۇمغا تاشلاپ قويۇش تۈتۈمى — خاردىن شەخسىي كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسىدا بايقىغان يوشۇرۇن ھەرىكەتچانلىقتۇر. ئويۇن نەزەرىيىسى بۇنى CC ـ PP دەپ، يەنى «چىقىمنى ئومۇمغا، پايدىكى شەخسكە تەۋە قىلىش» دەپ ئاتايدۇ.

خاردىن CC ـ PP نىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي سىستېمىدا بايلىق يارىتىش ئەندىزىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن، بىر شەخسىي كارخانا پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن چىقىرىندىلىرىنى بىر دەرياغا چىقىرىۋەتسە، بۇ چىقىمنى ئومۇم، پايدىنى يەككە شەخس ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

ھەقسىز ئىشتىراكچىلىق مەسىلىسى

«ھەقسىز ئىشتىراكچى» مەسىلىسى ئىقتىسادتا باشقا بىر مەسىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا ئورتاق مەنبەلەر — شەخسلەر ئۇنىڭ چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن ئالمىسۇن — ئورتاق تارقىتىلىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كىچىدە كېيىك يۇگۈرۈش ھادىسىسىنى بىلىدۇ. يىغىلىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا ھاراق تۈگەپ قالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھاراقنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تەڭ پۇل چىقىرىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەيلى كىم پۇل چىقارغان بولسۇن بولمىسۇن، ھاراق تېزلا سېتىۋېلىپ كىرىلىپ، پۇل چىقارمىغانلارمۇ ھاراقتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. ئەنە شۇ پۇل چىقارمىغۇچىلار «ھەقسىز ئىشتىراكچى»دۇر.

ئىقتىسادشۇناسلىقتا ھەقسىز ئىشتىراكچىلىق مەسىلىسى «ئورتاق ھەرىكەت» دەپ ئاتىلىدۇ. سىز بىر توپ كىشىلەرنى ئۇلار ئورتاق غايىگە ئىگە بولمىغان تورۇقلۇق ئورتاق بىر غايە يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق

ئىشلەش ھالىتىگە ئېلىپ كېلەلەيسىز؟ بۇنىڭ بىر چارىسى ئۆزىڭىزنىڭ غايىڭىزگە يېتىشىڭىز ئۈچۈن كىشلەرگە بىر تۈرتكە يارىتىپ بېرىشىڭىزدىن ئىبارەت.

### ئويۇن نەزىرىيىسىدىن ئېلىنىدىغان ساۋاقلار

ئويۇن نەزىرىيىسى بىزگە ئىنسانلارنىڭ قانداق ئەقىل يۈرگۈزىدىغانلىقىغا ئائىت پىكىر سۇنىدۇ ۋە بىزنى كىرىم ئۈقۈمىنى ئويلىششقا زورلايدۇ. بىزنى بىر ئويۇنچىنىڭ خەتەرلىرىگە ۋە ئويۇنغا قاتناششقۇچى بارلىق كىشلەرنىڭ خەتەرلىرىگە، شۇنداقلا پايدىغا ئوخشاش نەزەردە قارىغان قارىمىغانلىقىمىزنى ئويلىنىشقا زورلايدۇ.

بىر يەنە ئويۇن نەزەرىيىسىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا تەدبىقلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرىنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئەگەر بىز كىشلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلەردىكى ئەقلىيلىك ئۇقۇمى بويىچە ئىش كۆرۈشىنى كۈتسەك، بۇ بىزگە باش قېتىنچىلىقى تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.

شۇنداقتىمۇ، ئويۇن نەزەرىيىسى بىر تۈرلۈك قۇرۇلمىلاشقان ئۇسۇلدا توقۇنۇشنى ھەمكارلىق تاللاشلىرى بويىچە چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا، نەتىجىلەرنىڭ ھەممە تەرەپ ئۈچۈن چوڭايتىۋېتىلىش مۇمكىنچىلىكىگە يول قويىدۇ.

### بىلىشكە تېگىشلىك ئىسىملار

توماس شېلىڭ (1921-): سىياسەتشۇناس، ئويۇن نەزەرىيەچىسى، قورال-ياراق كونترول قىلىش تەشەببۇسچىسى. شېلىڭ يادرو ساھەسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداقلا ئاددىي مودېللار ئارقىلىق ئامېرىكادىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىق ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

### تەۋسىيە قىلىنىدىغان كىتابلار

بىن مور: «ئويۇن نەزەرىيىسى» (Binmore, **Game Theory**)

شېلىڭ: «توقۇنۇش ئىستراتېگىيىسى» (Schelling, **The Strategy of Conflict**)

ۋون نيۇمان مورگېنسترن: «ئويۇن نەزەرىيىسى ۋە ئىقتىسادىي قىلمىش» (Von Neumann and Morgenstern, **Theory of Games and Economic Behavior**)

**ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار**

1. ئويۇن نەزەرىيىسىنىڭ پايدىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ زېھنىمىزنى باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتىمىزگە ئېتىبار بېرىشكە ۋە مۇمكىن بولغان تۈرلۈك پايدىلارنى دەڭسەشمىزگە ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ مۇئەييەن بىر ئويۇننى كۆپ قېتىم ئوينىغىنىمىزدا پايدىلىق بولىدۇ. سىز خىزمەت ھاياتىڭىزدا رىقابەتچى رەقىبىڭىز بىلەن بۇ خىل ئويۇن خاراكتېرلىك ئالغۇ-بەرگۈدە بولامسىز؟ ئەگەر بولسىڭىز، بۇ لېكسىيەدىكى ئۇقۇملارنىڭ ئويۇنلاردىكى ئەمەلىي ھالىتىنى ئويلاپ كۆرۈڭ.

2. سىز ئۆزىڭىز ئوينىغان تۈرلۈك ئويۇنلاردىكى پايدىنى ھېسابلاپ چىقالامسىز؟ ئۆزىڭىز قاتنىشىۋاتقان تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، پايدىغا ئېرىشىش قۇرۇلمىسىنى جەزملەشتۈرۈڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇتقۇچى بولغىنىڭىزنى ياكى ئۇتتۇرغۇچى بولغىنىڭىزنى جەزملەشتۈرۈڭ.

3. ئەمدىلىكتە سىز ئۆزىڭىز ئوينىغان ئويۇننىڭ قۇرۇلمىسىنى چۈشەندىڭىز. ئۆزىڭىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھالىتىڭىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوخشىمىغان قارارلاردىن كېلىدىغان مەنپەئەتلەرنى ئۆزگەرتەلەش ياكى ئويۇننى قايتىدىن تەشكىللەش ئۈچۈن ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ھەرىكەتلەرنى ئويلىنىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

# ھەقىقەت قانداق بۇرمىلىنىدۇ؟



ئەن مارش، گرىتا لورج

# ھەققەت قانداق بۇرمىلىنىدۇ؟

ئەن مارش، گرېتا لورج

پىسخولوگ ئېلىزابېت لوفتۇس (Elizabeth Loftus) كەسپىي ھاياتىنى ئەسلىمىلەرنىڭ سۇسلاپلا قالماي، يەنە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا بېغىشلىغان.

بالىلىقتىكى قىممەتلىك ئەسلىمىلەرنى ئويلاڭ. مەنزىرىلەرنى، ئاۋازلارنى، پۇراقلارنى ئەسلەڭ ۋە ئۇلارنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ.

كۆپىنچە كىشىلەر ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، كىشىنىڭ ئېسى كۆرۈنۈشلەرنى مەڭگۈ ساقلىۋالىدىغان سىنئالغۇ ئاپپاراتىغا ئوخشىمايدۇ. كىشىنىڭ ئېسىدە خاتا تونۇش، بىر تەرەپلىمە يەكۈن چىقىرىش ياكى بىر ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى باشقا ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش قاتارلىق خاتالىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئۆزىڭىزنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە بىلىمەن دەپ ئويلىغانلىرىڭىزنىڭ توغرا بولماي قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ھېس قىلىش كىشىنى راستتىنلا ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئەمما ئەسىنىڭ خاتالىششى سەۋەبلىك سوت زالىدا مۇھىم بولمىغان بىر رېئاللىقنى خاتا چۈشىنىش، گۇناھسىز جاۋابكارغا گۇناھ ئارتىش ياكى جىنايەتچىنى گۇناھسىز دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ھادىسىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن.

ئېلىزابېت لوفتۇس مۇنداق دەيدۇ: «مۇستەقىل دەلىللەش بولماي تۇرۇپ، بىز ئەستە ساقلاشنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى جەزملەشتۈرەلمەيمىز. ئېسىمىز ئادەتتە ئانچە مۇھىم بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما بەزى ئەھۋاللاردا ئېسىمىزنىڭ قانداقلىقى بىر ئۆلچەۈن ھايات-ماماتلىق مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.»

بەلكىم ھازىرقى زامان ئالىملىرى ئېسىمىزنىڭ ئۆزگۈرۈشى ۋە خاتالىششى جەھەتتىكى چۈشەنچىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. لوفتۇس 40 نەچچە يىلدىن ئارتۇق ئاكادېمىك ھاياتىدا، ئېسىمىزنىڭ قانچىلىك ئىشەنچسىزلىكىنى قايتا-قايتا كۆرسىتىپ، قورامىغا يەتكەنلەرنىڭ زېھنىغا پۈتۈنلەي يالغان ئەسلىمىلەرنى سىڭدۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە، بىر زامانلار بىزنىڭ قارار سېستىمىمىزنى ئىگىلىۋالغان ئاتالمىش باستۇرۇلغان ئەسلىمىلەر ھادىسىسى ئەمەلىيەتتە قىممىتىنى يوقاتتى. لوفتۇسنىڭ قان ياكى باشقا فىزىكىلىق ئىسپاتلار قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنىڭ ئاسان بۇلغىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىغا ئاساسەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېلىش تەرتىپى داۋاملىق تەرەققىي قىلماقتا.

ئىرۋىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەم پسىخولوگىيە ھەم قانۇنشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان داڭلىق پروفېسورى لوفتۇس بۇ خىزمىتى سەۋەبلىك ماختاشقا ئېرىشتى. ئۇ 20-ئەسىردىكى تەسىرى كۈچلۈك يۈز پسىخولوگ تىزىملىكىدە 58-ئورۇندا تۇرىدىغان ئايال. بۇ تىزىملىكتە فرۇئىد (Freud)، سكىنېر (Skinner) ۋە پىياگېت (Piaget) قاتارلىق مەشھۇر پسىخولوگلارمۇ مەۋجۇت.

ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋە كەمسىتىلگەن.

بىر قېتىم ئايروپىلاندا ناتونۇش بىر كىشى لوفتۇسنىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن، گېزىتنى تۈرمەللەپ تۇرۇپ شۇنىڭ بىلەن لوفتۇسنى ئۇرغان. يەنە بىر سورۇندا، بىر تەپتىش مەھكىمىسى سوت زالىدا لوفتۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ قاتتىق ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇنى «سەن پەقەتلا بىر پاھىشە ئايال» دەپ ھاقارەتلىگەن. بەزى كىشىلەر لوفتۇسنى يەھۇدى چوڭ قىرغىنچىلىقىنى رەت قىلغۇچىلار قاتارىغا قويغان. چۈنكى لوفتۇس زەخىملەنگەن گۇۋاھچىلارنىڭ سوتتا گۇۋاھلىق بېرىشىنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

لوفتۇسنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۇنى بۇ كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن شەخس دەپ مەخپىي بېلەت تاشلىغان.

لوفتۇس كالفورنىيەدە چوڭ بولغان. ئۇ ئالتە ياش ۋاقتىدا ئايال بالا باققۇچى تەرىپىدىن جىنسىي بوزەك قىلىنىشقا ئۇچرىغان. ئەمما ئۇ بۇ كەچمىشنى ئاتا-ئانىسىغا ئېيتمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، 1959-يىلى خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئانىسى ھادىسە ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئېھتىماللىقى بولغان سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن.

ئىككى يىلدىن كېيىن ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش يۈزگە يېقىن ئۆي ۋەيران بولغان. «ھايات» ژۇرنىلىنىڭ فوتوگرافى 17 ياشلىق لوفتۇسنىڭ يازلىق كىيىم كىيگەن، قونچاق ئېيىقنى قۇچاقلىغان ھالدا ئوت كۆتكەن ئۆيگە قاراپ تۇرغان ھالىتىنى رەسىمگە تارتىۋالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئاشۇ ھەقىقەتنى ماڭا ئەسلىتىدىغان بىر ژۇرنىلىم بار.»

لوفتۇسنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىگە بولغان ئىلمىي قىزىقىشى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ستانفورد پروفېسورى جوناتان فرىدماننىڭ ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە دەرسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ بىر قېتىملىق دەرستە ئەستە تۇتۇشنىڭ پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتىشتىكى رولى ھەققىدە سوئال سورايدۇ. لوفتۇسنىڭ چوڭ مېڭىنىڭ ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىنى ئەستىن ئۇچۇرلارنى قانداق تەشكىللەيدىغانلىقىنى، ساقلايدىغانلىقىنى ۋە يىغىۋالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگۈسى بار ئىدى. ئۇنىڭ قىزىقىشىنى ھېس قىلغان فرىدمان كېيىن ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات تۈرىگە قاتناشتۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

## لوفتۇس ئىزدەۋاتقىنىنى تاپتى

جېفرىي لوفتۇس (Geoffrey Loftus) ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەتكە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ بۇ يەردە پسىخولوگىيە پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەيدۇ. لوفتۇس بىر يىلدىن كېيىن خارۋاردتىكى ياردەمچى پروفېسسورلۇق تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇ ئېلىزابېت لوفتۇس بىلەن 1991-يىلى ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى ۋە دېلولاردا ھەمكارلاشتى.

ئېلىزابېت لوفتۇس ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى توغرىسىدا تەتقىقات باشلايدۇ. كېيىن بۇ تېما دۆلەت مىقياسىدا دىققەت قوزغايدۇ. ئۇ ھېچنېمە دېمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە تاماكا چېكىدىغان مىلتىق كەمچىل، زاسېداتېللار ئۆمىكى بىلەن «مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېيەلەيدىغان ئادەمگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر. 250 تىن ئارتۇق ناھەق جىنايەت ئارتىلغان مەھبۇس DNA تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن 13 يىللىقتىن قاماقىقا ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ كىشىلەرنىڭ تۆتتە ئۈچى گۇۋاھچىلارنىڭ خاتا گۇۋاھلىق بېرىشى نەتىجىسىدە قاماقىقا ھۆكۈم قىلىنغان. لوفتۇس مۇنداق دېدى: «كىشىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھېچبىر گۇمانسىزلا قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەسنىڭ ۋەقەلەرنى توغرا ۋە قۇسۇرسىز ھالدا ساقلىيالايدىغانلىقىغا، كېيىن لازىم بولغان كىشىگە يېڭىدىن جانلاندۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.»

ئۇ سوئال سوراش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنىڭ قانچىلىك تېز تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر لايىھە تۈزۈپ، تەجرىبە ئېلىپ باردى. بىر قېتىملىق سىناقتا سىناققا قاتناشقان كىشىلەرگە ماشىنا سوقۇلغان كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلدى، ئاندىن كۆرگەنلىرى توغرىسىدىكى سوئاللارغا «ھەئە» ياكى «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. «چېقىلىپ كەتكەن چوڭ چىراقنى كۆردىڭىزمۇ؟» دېگەن سوئالغا سىناققا قاتناشقۇچىلار تەرىپىدىن «ھەئە» دېگەن جاۋابنى ئالدى. ئەسلىدە فىلىمدە بۇنداق بىر كۆرۈنۈش مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇلاردىن فىلىمدە يوق نەرسە سورالغان ئىدى.

باشقا بىر تەجرىبىدە تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلارنى ئىككى توپقا ئايرىپ بىر توپتىن «ماشىنىلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلغاندا قانچىلىك تېزلىكتە ماڭدى؟» دەپ، يەنە بىر توپتىن «ماشىنىلار بىر-بىرى بىلەن سوقۇلغاندا قانچىلىك تېزلىكتە ماڭدى؟» دەپ، «ئۇرۇلۇش» ۋە «سوقۇشۇش» پېئىلىنى ئىشلىتىپ ئايرىم - ئايرىم سوئال سورىغان. «سوقۇلۇش» پېئىلى بىلەن سورالغان ئوخشاش سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ جاۋابى «ئۇرۇلۇش» پېئىلى بىلەن ئوخشاش سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ جاۋابىغا قارىغاندا «بەش ياكى ئون كىلومېتىر» تېز بولغانلىقىنى بايان قىلىش بولغان.

بۇ تەتقىقاتقا مۇناسىۋەتلىك بىر ماقالىسىدە لوفتۇس ئۆزىنىڭ سىتلدىكى بىر ئادۋوكاتنىڭ بىر دېلونى ئىشلىشىگە مەسلىھەتچىلىك قىلغىنىنى بايان قىلغان. لوفتۇس بۇ ماقالىسىنى 1974-يىلى يازغان بولۇپ، بىر ياش ئايال ئۆزىنىڭ ئوغۇل دوستىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئۆزىنى قوغدىغانلىق دەپ ئاقلىغان. دېلو ئاقىۋەتتە ئايالنىڭ تاپانچىنى قولىغا ئالغاندىن باشلاپ ئوق چىقارغۇچە ئارىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. جىنايەت گۇماندارى بىلەن ئۇنىڭ ئەينى چاغدا ئاچىسى بار بىنادا بار بولغان سىڭلىسى «ئارىدىن ئىككى سېكونت ئۆتكەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ۋەقەگە شاھىد بولغان باشقا بىر قوشنىسى بولسا «ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر بەش مىنۇت ئۆتكەن تەقدىردە، بۇ سوتنىڭ جاۋابكارغا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئارتىشىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

زاسپداتپللار ئۆمكى بۇ ئايالغا ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئارتمدى. لوفتۇسنىڭ بۇ دېلو توغرىسىدىكى ماقالىسى باشقا ئادۋوكاتلارنىڭمۇ دىلولاردا لوفتۇسنى ئىزدىشىگە يول ئاچتى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇ يۇتاھلىق بىر ئادۋوكاتىنىڭ «گۇۋاھچىلارنى پەرقلەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قىزىقارلىق دېلولاردىن بىرى» توغرىسىدا مەسلىھەت سوراش خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. 28 ياشلىق قانۇن ئوقۇغۇچىسى جاۋابكار توققۇز ئاي ئىلگىرى بىر ياش ئايالنى تۇتقۇن قىلماقچى بولغان دەپ ئەيىبلەنگەن. ئادۋوكاتىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ھېچقانداق پاكىت يوق بولۇپ، پەقەت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۆزىلا مۇشۇنداقلىقىنى ئىددىئا قىلغان. ئادۋوكات يەنە ھۆججەتكە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ بايان خاتىرىسىنى قوشۇپ، ئۇنىڭدا بىر قاتار ماسلاشماسلىق بارلىقىنى ئىپادىلىگەن. لوفتۇس بۇ دېلوغا مۇتەخەسسىس گۇۋاھچى سۈپىتىدە قاتنىشىشقا قوشۇلغان.

جاۋابكارنىڭ ئىسمى تېد باندى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق دىلوسى ئىدى.

لوفتۇسنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىگە قارىماي، باندىنىڭ جىنايىتى بېكىتىلدى. دېلودىكى پاكىتلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن لوفتۇس، ئەينى ۋاقىتتا جاۋابكارنىڭ گۇناھسىز بولۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئەمما بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، بىر يۈرۈش ماقالىلەردە جاۋابكارنىڭ راستتىنلا گۇناھكار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭى پاكىتلار ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، لوفتۇس جاۋابكارنىڭ جىنايەتكار بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن.

لوفتۇس يەنە مۇتەخەسسىس گۇۋاھچى سۈپىتىدە يۈزلەرچە دىلوغا قاتناشتى ياكى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى.

ئاپتورنىڭ 22 كىتابىنىڭ بىرى بولغان «گۇۋاھچىنى ئاقلاش» ناملىق كىتابىدا، ئۇ 1987 - يىلى لاس ۋېگاس مېھمانخانىسىدا يەتتە ياشلىق بىر بالىنى تۇتقۇن قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈشتىكى باش جىنايەت گۇماندارى خاپىت ھەققىدە بىر باب ئاجراتقان. بىر ئەر بالىنى 27- نويابىر ئەتىگەندە خاۋىپت تۇرغان مېھمانخانىنىڭ ئويۇن ئويناش مەيدانىدىن تۇتقۇن قىلغان. قورامىغا يەتكەن بىر قانچە شاھىت بۇ بالىنى جىنايەت گۇماندارى بىلەن بىللە كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان زىددىيەتلىك تەسۋىرلەرنى ساقچىغا بايان قىلغان. ساقچىلار ئېرىشكەن تەسۋىرلەشتە جىنايەتچى ئاق تەنلىك ئەر بولۇپ، 40-35 ياشلاردا، بوي ئېگىزلىكى 6-7 گەز، ئېغىرلىقى 160 تىن 180 قاداققىچە، قوڭۇر چاچ، كۆز ئەينەكلىك كىشى ئىدى. ئەمما نەق مەيدانىدا بولۇپ، بۇ ئەر بىلەن قىسقا پاراڭلاشقان ئون بىر ياشلىق بىر قىز ئۇنى ئېگىز، مۇسكۇللۇق، قېنىق قوڭۇر چاچلىق، پېشانىسىدە ئىككى داغ بار دەپ تەسۋىرلىگەن.

ئوتتۇز يەتتە ياشلىق خاپىت بوي ئېگىزلىكى 6 گەز، ئېغىرلىقى 145 قاداق، شالاڭ سېرىق چاچلىق ۋە كۆز ئەينەك تاقىغان كىشى ئىدى. بالا غايىب بولۇپ بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى تېپىلماي تۇرۇپلا، خاپىت لاس ۋېگاس ساقچىلىرىنىڭ بۇ دېلوغا مۇناسىۋەتلىك سۈرىتىنى تارقىتىۋېلىش ۋە بارماق ئىزىغا رۇخسەت سوراش خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان. بۇ خەت شۇنداق يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مېھمانخانىدا مېھمان بولغانلارغا قارىتىلغاندەك قىلاتتى. ئەمما ساقچىلار ئاللىبۇرۇن ئۇلارنىڭ خاپىتنى تۇتۇۋالغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بىر گۇۋاھچى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت خاتىرىسىدە، گۇۋاھچى خاپىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ساقچىنىڭ خاپىتنىڭ رەسىمگە قايتا-قايتا قارىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. لوفتۇسنىڭ بۇ دېلودىكى گۇۋاھلىقى نۇرغۇن زاسپداتېللار ئۆمىكىنى ساقچىلارنىڭ بۇنداق ئازغاشتۇرغۇچى سوئاللار بىلەن شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىسىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە قايىل قىلدى. ئۇلار قايتا-قايتا سوراق جەريانىدا خاپىتنىڭ جىنايىتىگە قايىل بولدى. بەزى زاسپداتېللار ئۆمىكى كېيىن خاپىت ئوتتۇرىغا قويغان دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى قارار قىلىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لوفتۇسقا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ تالاش-تارتىش قوزغىغان دېلولار 80-ۋە 90-يىللاردا مودا بولغان گىپنوز ۋە يېتەكچى تەسۋىر قاتارلىق داۋالاش تېخنىكىسى ئارقىلىق ساقىيىپ كەتكەن باللاردىكى جاراھەتنى ئاشكارىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەزەرىيەدە مۇنداق دېيىلدى: كۆچلۈك بېسىم ۋە ھېسسىيات ئەقلىنىڭ ئەسلىمىلەرنى يوشۇرۇن ئاڭغا چوڭقۇر كۆمۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەسلىمىلەر بەزىدە يوشۇرۇن ئاڭدا نەچچە ئون يىل بېسىلىپ قالىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان دېلولارنىڭ بىرىدە كلىنىكىلىق پسخولوگلاردىن بىرى جەين دو ئىسىملىك بىر قىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ، سۆھبەتنى فىلىمگە ئالغان. ئەينى چاغدا بۇ قىز ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسى تەرىپىدىن ئۇچرىغان جىنسىي پاراكەندىچىلىكنى سۆزلەپ بەرگەن. ئاندىن قىز 17 ياشقا كىرگەندە پسخولوگ ئۇنى يەنە قايتا فىلىمگە ئالغان بولۇپ، بۇ چاغدا قىز ھېلىقى ئەسلىمىسىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن. بۇ سىن ئىلمىي يىغىنلاردا كەڭرى تارقىتىلدى. ئاقىۋەتتە «بېسىلىپ قالغان ساختا ئەسلىمە ھادىسىسى»نىڭ (phenomenon of repressed memory) راستلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى.

لوفتۇس بۇ جەھەتلەردە شۈبھە ئىچىدە ئىدى. لوفتۇس بىر قاتار تەجرىبە ئىشلەش ئارقىلىق، ھېچقاچان يۈز بەرمىگەن ۋەقەلەرنىڭ كىشىنىڭ ئېسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. لوفتۇس ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى مۇناسىۋەتلىك

شەخسلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە باللىقىدا سودا سارايىدا ئاتا-ئانىسىنى تاپالمىغانلىق، دېيىنى باغچىسىدا باگىس بانىي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىك تىپىدىكى ئاڭلىماقىقا كىشىنى ئېشەندۇرىدىغان، ئەمما رېئاللىقتا يۈز بەرمىگەن ساختا ئەسلىمىلەرگە ئېرىشتى. مۇناسىۋەتلىك شەخسلەردىن ئاشۇ ساختا ئەسلىمىسى توغرىسىدا سورالغاندا بولسا، ئۇلار ئۆز ئېسىدىكى ساختا ئەسلىمىسىنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرىنىمۇ بايان قىلىپ بەردى. تەخمىنەن يىگىرمە پىرسەنت ئەتراپىدىكى كىشى بۇ ساختا ئەسلىمىسىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئاشۇ ئەسلىمىسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈش تەلەپ قىلىنغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنداق بىر ئىشقا ئەسلا دۇچ كېلىپ باقمىغىنىنى ئېيتتى.

ھەتتا لوفتۇسنىڭ ئۆزى ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىمۇ يالغان ئەسلىمىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن خالىي بولالمىغان. ئۇ 44 ياش ۋاقتىدا، 90 ياشلىق تاغىسى ئۇنىڭغا ئانىسىنىڭ جەستىنىڭ كۆلچەكتە لەيلەپ تۇرغانلىقىنى بايقىغان كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لوفتۇس بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، بۇنى بايقىغۇچىنىڭ ھاممىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەمما ئۇنىڭ تاغىسى بايقىغۇچىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرغان.

تاغىسى كېيىن ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىغا قايىل بولغان. ئەمەلىيەتتە لوفتۇسنىڭ ئانىسىنىڭ جەسىدىنى دەسلەپ بايقىغىنى لوفتۇسنىڭ ھاممىسى ئىدى.

بۇ ھەقتە قايتا ئويلانغان لوفتۇس «بەلكىم مېنىڭ بېسىلىپ قالغان ساختا ئەسلىمەم بولسا كېرەك» دېگەن. «بەلكىم، مېنىڭ بۇ ھەقتە كۈچەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمدىكى سەۋەب مۇشۇ بولسا كېرەك. بەلكىم مېنىڭ بۇنچىۋالا ھېسسىياتچان بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى بۇ بولسا كېرەك» دەيدۇ لوفتۇس. لوفتۇسنىڭ تەپەككۇرى شۇ كۈنى كەچتىكى ۋەقەنى ئەسلەشكە ئۆتتى: ئانىسىنىڭ كېچىلىك كىيىم ئىچىدىكى جەسىدى، قورقۇپ كەتكەن لوفتۇسنىڭ ئاغزى بۇرنىغا ئوكسىگېن شىلەنكىسى تاقاۋاتقان جىددىي قۇتقۇزۇش خادىمى. «(يېڭى ئۇچۇرلارغا) مەنە بېرىشكە تىرىشۋاتاتتىم، ئاندىن تېزلا كاللامدا ئۇ ۋەقەنىڭ تەسۋىرى زاھىر بولغان ئىدى.»

كېيىن، لوفتۇسنىڭ تاغىسى ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى تەن ئالدى. ئاقىۋەتتە، لوفتۇسنىڭ باشقا تۇغقانلىرى جەسەدنى لوفتۇسنىڭ ھاممىسىنىڭ بايقىغانلىقىنى جەزم قىلدى.

ئالتە يېشىدا جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى داۋا قىلغان جېين دوغا كەلسەك، لوفتۇس جېين دو (Jane Doe) ھەققىدىكى ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قىزنىڭ بىئولوگىيىلىك

ئانسى بىلەن بۇرۇنقى ئۆگەي ئانىسىنى تاپتى. بۇ زىيارەتلەر ۋە لوفتۇسنىڭ جەينىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا قوللانغان ئۇسۇللىرى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، لوفتۇس جېين دونىڭ ئۆزى داۋا قىلغان جىنسىي پاراندىچىلىككە دۇچ كەلمىگەنلىكىگە قايىل بولدى. لوفتۇس باستۇرۇلغان ساختا ئەسلىمىنىڭ سوتتا دەلىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۈمىدىدە، بۇ دېلو توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلىشنى پىلانلىدى.

بىراق جېين ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىغا لوفتۇسنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى شىكايەت قىلدى. 29 يىلدىن بېرى لوفتۇسنىڭ ئۆيى ھېسابىدىكى ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ تەتقىقات ھۆججەتلىرىنى يىغىۋېلىپ، لوفتۇس ئۈستىدىن ئۇزاققا سوزۇلغان تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. گەرچە لوفتۇس ئاقىۋەتتە بارچە ئەيىبلەشلەردىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۆزىدىن يېتەرلىك كەچۈرۈم سوراش پۈرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن UCI 2002ـيىلى ئۇنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ جەنۇبقا كۆچۈپ كەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان لوفتۇسنىڭ دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ سوتقا ئىشتىراك قىلىش ۋاقتى قىسقىلىشىپ كەتتى. ئۇ تەتقىقاتىنى ئەسنىڭ پوزىتسىيە ۋە قىلمىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە مەركەزلەشتۈردى. ساختا ئەسلىمىنىڭ ئاقىۋىتى نېمە؟ ساختا ئەسلىمە كىشىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ۋە ئىش ھەرىكىتىگە قانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇلار لوفتۇسنىڭ ئۇزاق يىل دىققىتىنى جەلپ قىلغان تېمىلار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لوفتۇس سوتنى ئاڭلاش ئۈچۈن دۆلەتنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىشقا ئاز ۋاقىت سەرپ قىلدى ۋە تەتقىقاتىنى ئەستە ساقلاشنىڭ پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەتكە بولغان تەسىرىگە تېخىمۇ مەركەزلەشتۈردى. يالغان ئەستە ساقلاشنىڭ قانداق ئاقىۋەتلىرى بار؟ ئۇ سىزنىڭ تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلىڭىزنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ؟ بۇ تېما ئۇنى ئۇزۇندىن بۇيان قىزىقتۇردى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ ستانفوردتىكى پروفېسسور فرېدمان بىلەن تۇنجى ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە دەرسىدىن باشلاپ تونۇشتاتتى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، لوفتۇس ئاگنوستىك (يەنى تەڭرىنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ دېگەن باتىل ئېتىقادتىكى) كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ياكى تەرخەمەك چىلىغان سېيى ھەققىدە سەلبىي چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرلگەن تەدقىرىدە، بۇ كىشىلەر بۇ خىل سەلبىي چۈشەنچىسى سەۋەبلىك كەلگۈسىدە بۇ خىل يېمەكلىكلەردىن يېيىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ھالغا كېلەمدۇ يوق، دېگەن مەسىلىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى باشلىغان.

PBS تە تارقىتىلغان بىر پروگراممىدا، لوفتۇس ئالان ئالدا تېخنىكىسىنى (technique on Alan Alda) نامايەن قىلىپ، پروگراممىغا قاتناشقۇچىنى كىچىك ۋاقىتىدا سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى يېگەنلىكى سەۋەبلىك ئاغرىپ قالغانلىقىغا قايىل قىلماقچى بولدى. كېيىن، ئۇ بىر دالا تاماقى پائالىيىتىدە ئالداغا بىر سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇملارنى سۇندى. ئالدا دەسلەپتە تۇخۇمنى يېمىدى، كېيىن ناھايىتى بىئارامچىلىق ئىلكىدە تۇخۇمدىن ئازغىنە چىشلىدى.

بۇ لوفتۇسنىڭ ئىنسان ئېسىنىڭ يالغان، ئەمما پايدىلىق ئەسلىمىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە سەۋەب بولدى. ئەگەر ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەن ئادەم ئۆزىنىڭ بىر زامانلاردا ئىنسانىنى سەمرىتىۋېتىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگەندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەن بولسا قانداق بولىدۇ؟ ياكى ئەكسىچە، بىزگە ساغلام يېمەكلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىجابىي ئەسلىمىلەر بېرىلسە قانداق بولىدۇ؟ لوفتۇس بۆلجۈرگەنلىك ماروژنى قاتارلىق بەزى يېمەكلىكلەر ئارقىلىق ساختا ئەس تەمدىن سەسكىنىش ھالىتى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما شاكىلات قاتارلىق باشقا يېمەكلىكلەر ئارقىلىق بۇنداق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە پەقەتلا يۈزدە قىرىق پىرسەنت ئىنساننىڭ ھوشيارلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. باشقا بىر تەجرىبىدە ئاسپاراگوسنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا سۇنئىي ئەس بەرپا قىلىنغان كىشىلەرنىڭ، كېيىنكى كۈنلەردىكى چۈشلۈك تاماقىدا ئاسپاراگوس بۇيرۇتۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرىلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. (ئاسپاراگوس — قۇمۇش شەكىللىك بىر تۈرلۈك يېشىل كۆكتات.)

لوفتۇس مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىش ۋە تېخىمۇ ساغلام ياشاشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن خاتا ئېتىقاد ۋە خاتا ئەسلىمىلەرنى ئۇلارنىڭ ئېسىگە يەرلەشتۈرۈش مۇمكىنچىلىكىمىزنى ئاشۇرىدۇ.» پىسخىكىلىق مەسىلىگە دۇچار بولغانلارنى داۋالايدىغان بىر پىسخولوگ ئۆز ياخشىلىقى ئۈچۈن بولغان تەقدىردىمۇ بىر بىمارنىڭ ئېسىنى كونترول قىلۇۋالالمايدۇ. بىراق، لوفتۇس بەك سەمرىپ كېتىش سەۋەبلىك خەتەر ئىچىدە تۇرغان بىر بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى توسۇپ قالالايدىغان ھېچنەرسە يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

بىراق، لوفتۇسنىڭ بۇ تەكلىپىمۇ ئاتا-ئانىلارنى باللارغا يالغان سۆزلەشكە كۈشكۈرتكەنلىك دەپ قارىلىپ، تەنقىدكە ئۇچرىدى. لوفتۇس ئۆزىنى قوغداپ «قايسىسىنى تاللايسىز؟ بالىڭىزنىڭ بەك سەمرىپ كېتىش سەۋەبلىك دىيابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى ۋە ئۆمرىنىڭ قىسقىراپ كېتىشىنىمۇ ياكى مەلۇم دەرىجىدىكى يالغان ئەسلىمىنى بالىغا ئەملەش ئارقىلىق ئۇنى بۇ خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قېلىشنىمۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ بالىسىغا قايسىنى تاللاشنى ئەلۋەتتە بىلىمەن.»

ئەلۋەتتە، لوفتۇس بىزگە ئوخشمايدۇ. كۆپىنچىمىز تەبئىيلا رەۋىشتە ئەسلىمىمىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەي، ئۆز پېتى تۇرىدۇ دەپ ئويلىۋالىمىز. چۈنكى، ئاشۇ ئەسلىمىلىرىمىز بىزنىڭ كىملىكىمىزنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن. لوفتۇس بەلكىم داۋالاشنى مەقسەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئەسلىمىسىگە ساختا ئەسلىمىلەرنى يەرلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بەلكىم، كۆنەلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەر ئۆز ئەسلىمىلىرىنى بىر ئىز سۈپىتىدە ئەمەس، كەلگۈسىنى ياخشىلايدىغان ۋاستە سۈپىتىدە كۆرۈشى مۇمكىن. لوفتۇسنىڭ «كىشىنىڭ ئېڭىغا يالغان ئەسلىمىلەرنى قاچىلاپ قويغىلى بولامدۇ يوق» دېگەن بۇ تالاش-تارتىشلىق مەسىلىدىكى كۆز قارىشى ئۇستۇنلۇك قازانسا، بۇ هال «ئەسلىمە يارىتىش» ئىپادىسىگە يېڭى بىر مەنە قاتىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://stanfordmag.org/contents/how-the-truth-gets-twisted




# مەن بىلىدىغان غۇلامدىن پاختا ئاكا

مەمەت ئىمىن

# مەن بىلىدىغان غۇلامىدىن پاختا ئاكا

مەمەت ئىمىن دوختۇر

2025ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى ئەتتىگەن سائەت 6 دىن 47 مىنۇت ئۆتكەندە، مەن ھەم ساقلىغان ھەم قورققان ئۇچۇر يېتىپ كەلدى. ئۇچۇر، غۇلامىدىنكام كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئۈچ ئايغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا غۇلامىدىنكامنىڭ يېنىدىن ئازراقمۇ ئايرىلماي، دادىسىغا ناھايىتى ياخشى قاراپ كېلىۋاتقان قىزىدىن كەلگەن ئىدى. ئۇچۇر ناھايىتى قىسقا بولۇپ، ئۇچۇردا «خەيرلىك سەھەر، مەن دادامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى سىزگە بىلدۈرمەكچى» دېيىلگەن ئىدى. بۇ گەرچە 12 كۈن بۇرۇن ئالدىن بىلگەن ئاقىۋەتنىڭ جەزىملىنىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى قوبۇل قىلىش، ماڭا نىسبەتەن ھەقىقەتەن تەس كەلدى. ئىدارەمدە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مۇھىم ئىشىم بار ئىدى؛ ئەمما مەن ئۇ ئۇچۇرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، كەم دېگەندە ئىككى سائەت ماغدۇرسىز ھالدا كارۋىتىمدا يېتىپ قالدىم. ئىشقا بارايمۇ ياكى غۇلامىدىنكام ياتقان دوختۇرخىنىغا بارايمۇ؟ شۇ ئىككىلىنىش ئارىسىدا باشلىقىمغا تېلفۇن قىلدىم. باشلىقىم ماڭا تەسەللى بەرگەن ھالدا، ئىشخانىدىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بول، خالىساڭ ئۆيدە ئارام ئال، خالىساڭ دوستۇڭنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ يېنىدا بول دېدى.

ھەممىمىز بىلگەندەك، مۇھاجىرەتتە ئەڭ باش قاتىدىغان ئىش ئۆلۈمدىن كېيىنكى جىنازە ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، مەن غۇلامىدىنكامنىڭ ئوغلى بىلەن تېلفۇن ئارقىلىق جىنازە ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلىشقا باشلىدىم. غۇلامىدىنكامنىڭ ئوغلىنىڭ بېشىغا بۇنداق ئىش تۇنجى قېتىم كەلگەن بولغاچقا، بۇ ئىشتا مەسجىدتىكىلەرنىڭ تەكلىپى بويىچە غۇلامىدىنكامنىڭ جىنازا نامىزىنى ئەتىسى ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن كېيىن ئوقۇماقچى بولغان ئىكەن. ئۇنداق بولغاندا يىراقتىن كېلىدىغان ئۇيغۇر جامائىتىگە قولايسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن دەرھال غۇلامىدىنكام ياتقان دوختۇرخانىغا بېرىپ، جىنازە ئىشىنى يۈز تۇرانە سۆزلەشمەكچى

بولدۇم. دوختۇرخانىغا بارغىنىمدا مېيىت ئاللىبۇرۇن مورگقا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىدىن ئۆيگە بېرىپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىر تەرەپتىن جىنازە نامىزىنى مۇۋاپىق ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشنى يۈز تۇرانە مەسلىھەتلەشكەچ، ئەڭ مۇھىمى غۇلامىدىنكامىنىڭ بىردىنبىر ۋەسىيتى بولغان، ئۆلۈپ كەتكەندە ئۆزىنى كۆمۈش ئۈچۈن ساقلىغان ۋەتەندىن ئەكەلگەن تۇپراقنى تېپىپ چىقتۇق ۋە غۇلامىدىنكام جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان كىتابلىرىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئازراق سۆزلەشتۇق.

غۇلامىدىن ئاكىنىڭ تولۇق ئىسمى غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا بولۇپ، 1930 ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى قەشقەردە تۇغۇلغان*. 1949ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ ئاخىردا قەشقەردىن، جۈملىدىن ۋەتەندىن ئايرىلىپ، كېيىنكى 75 يىللىق هاياتىنى ۋەتەن ئىشقىدا ئۆتكۈزۈپ، 2025ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى نيۇيورۇك شەھىرىدىن 75 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر مۇسۇلمان قەبرىستانلىقىدا، قەشقەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تۇپراق بىلەن بىرلىكتە دەپنە قىلىندى.

بىز غۇلامىدىنكامدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدۇق. گۈلنار خانىم 62 يىللىق هايات سەپدىشىدىن ئايرىلدى؛ غۇلامىدىنكامىنىڭ ئىككى پەرزەنتى سۆيۈملۈك دادىسىدىن ئايرىلدى. ئۇيغۇر خەلقى هاياتىنى ۋەتەن مىللەت دەۋاسى ئۈچۈن ئاتىغان بىر مىللى قەھرىماندىن، يول باشلىغۇچىدىن ئايرىلدى. مەن 24 يىللىق سىرداشىم، ئۇستازىم، ئەڭ مۇھىمى ئامېرىكادا دادام بىلگەن بىر ئۇلۇغ زاتتىن ئايرىلدىم. مەن 1990ـ يىلى 24 يېشىمدا ئانامدىن ئايرىلغان، 2005ـ يىلى دادامدىن ئايرىلغان ئىدىم. مەن غۇلامىدىن ئاكا بىلەن تۇنجى بولۇپ 2001ـ يىلى 5ـ ئايدا ۋاشىڭتون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق پاالىيەتتە كۆرۈشكەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غۇلامىدىنكام بىلەن ئىزچىل سىرداشىپ كەلگەن ئىدىم. بولۇپمۇ 2005ـ يىلى دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن غۇلامىدىنكام ماڭا دادامنىڭ ئورنىدا روهىي تۈۋرۈك بولغان ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن غۇلامىدىنكامنى دادا ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن ئىدىم.

مېنىڭ 26 يىللىق مۇهاجىرەت هاياتىمدا مەن ۋەتەن مىللەت دەۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۆپلىگەن قېرىنداشلار بىلەن زىچ ئالاقىدە بولدۇم. مەن ئۇلار بىلەن هەمپىكىردە بولدۇم؛ نۇرغۇن پاالىيەتلەرنى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇردۇق ۋە كۆپلىگەن پاالىيەتلەرگە بىرلىكتە قاتناشتۇق. بۇ جەرياندا مەن غۇلامىدىنكامدەك ۋەتەن مىللەتكە بولغان سۆيگۈسى ئۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە ۋەتەن مىللەت دەۋاسىنى ئىچىدىن چىقىرىپ، پۈتۈن هۇجۇدى بىلەن قىلىدىغان ئىنسانلارنى كۆپ ئۇچراتمىدىم. ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە باشقىلارنىڭ ۋەتەن مىللەت سۆيگۈسىنى، ۋەتەن مىللەت دەۋاسىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە سەممىيىتىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت غۇلامىدىنكامنىڭ ۋەتەن مىللەت سۆيگۈسى ۋە دەۋاغا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ ئالاهىدە يۇقىرىلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچى.

2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دوستىمىز تۇردى غوجىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مىننەتدارلىق بايرىمى ئولتۇرۇشىدا، غۇلامىدىنكام ئۆزىنى كۆمۈش ئۈچۈن قەشقەردىن تۇپراق ئەكەلدۈرگەنلىكىنى، ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ كەتسە، باللىرىغا ئۇ تۇپراقنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چېچىپ، بىرگە كۆمۈشنى ئەسكەرتىپ قويۇشنى دەپ، سورۇندىكى ھەممىمىزنى يىغلىتىۋەتكەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ۋەسىيىتىنى بىر نەچچە قېتىم قايتا قايتا تەكرارلىغان ئىدى. ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا نىسبەتەن ئوچۇق سىياسەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا، ھۆرمەتلىك غۇلامىدىن ئاكا بىر مەزگىل ۋەتەندە قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئۆز ئارا خەت ئالاقە قىلىش ۋە پوسۇلكا ئەۋەتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ۋەتەندىكى تۇغقانلار ئۇنىڭدىن «سىزگە نېمە لازىم» دەپ سورىغاندا، غۇلامىدىنكام ئۇلارغا «ماڭا ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقى لازىم» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ۋەتەندىكى تۇغقانلار غۇلامىدىنكامنىڭ تەلىپى بويىچە پوچتىخانا بايقاپ قالمىغىدەك مىقداردىكى قەشقەر تۇپرىقىنى كىچىك خالتىغا سېلىپ، ئاندىن ئۇنى پوسۇلكا ئىچىگە سېلىپ، غۇلامىدىنكامغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىكەن.

ياشىنىپ قالغان غۇلامىدىنكامغا نىسبەتەن، ئۆزى يالغۇز بەش ئالتە سائەت ماشىنا ھەيدەپ ۋاشىڭتونغا بېرىپ، يەنە بەش ئالتە سائەت ماشىنا ھەيدەپ ئۆيگە قايتىپ كېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. 2010 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن مەن ۋاشىڭتوندا ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئىزچىل تۈردە غۇلامىدىنكامنى ئېلىپ بىرگە بېرىشقا باشلىدىم. بىز ھەر قېتىم ۋاشىڭتون شەھەرىگە قاراپ يولغا چىققىنىمىزدا، غۇلامىدىنكام پائالىيەتكە كېلىدىغان جامائەت بىلەن كۆرۈشىدىغان بولغاچقا خۇددى ۋەتەنگە قايتىدىغاندەك ئالاھىدە ھاياجانلىنىپ، روھلىنىپ كېتەتتى. يولدا بارغۇچە، كەلگۈچە بىر تەرەپتىن مەندىن ۋەتەندە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلارنى سورىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەندىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنقى تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. سەكسەن ياشتىن ئاشقان ھالىغا باقماي، يول بويى ئازراقمۇ مۈگدەپ قالماي، يول بويى ماڭا ھەمرا بولاتتى. غۇلامىدىنكامنىڭ ئۆتمۈشتىكى كۆچۈرمۈشلىرىنى ئون بەش يىگىرمە يىلدىن بۇيان قايتا قايتا ئاڭلاۋەرگەنلىك سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ئەھۋاللار خۇددى مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەندەك ياكى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندەك، ماڭا شۇ قەدەر تونۇش بولۇپ كەتكەن ئىدى.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى (NED)، ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت بىناسىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا 2019 ـ يىللىق دېموكراتىيە مۇكاپاتى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن خەۋەر تاپقان غۇلامىدىنكام ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قاتناشمىسا بولمايدىغانلىقىنى دەپ، مېنىڭ ئۆزىنى بىرگە ئېلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ مەزگىلدە غۇلامىدىنكام بىر ئاز ئاجىزلىشىپ قالغان بولۇپ، بىرسى يۆلىۋالمىسا، ئاسانلا ياڭداپ يىقىلىپ چۈشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنىڭ بېرىشىغا




2014 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ۋاشىنگتون شەھەرى

ئۈنچە قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما غۇلامىددىنكامنىڭ قەتتىيلىكى سەۋەبلىك ئاخىردا مەن ئۇنى ۋاشىڭتونغا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم. مۇراسىم ناھايىتى داغدۇغىلىق بولدى. مۇراسىمغا قاتنىششىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلار، غۇلامىددىنكام بىلەن بەس بەستە سۆرەتكە چۈشۈشتى. ئالتە سائەتلىك سەپەر ۋە مۇراسىمنىڭ ئالدى كەينىدىكى بىر نەچچە سائەتلىك چارچاشلار تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، بىز پارلامەنت بىناسىدىن چىقىپ، ماشىنا توختاتقان جايغا مېڭىش جەريانىدا، گەرچە مەن غۇلامىددىنكامنىڭ بىر قولتۇقىدىن يۆلىۋالغان بولسامۇ، ئەمما ئۇشتۇمتۇت ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقۇتۇپ يىقىلىپ چۈشتى. مەن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن غۇلامىددىنكامنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ماشىنىغا ساق سالامەت ئېلىپ باردىم. غۇلامىددىنكامۇ ناھايىتى جەسۇرلۇق بىلەن، ھېچنىمە بولمىدى دەپ، مېنىڭ كۆڭلىمنى ياسىدى. پالىيەتتىن كېيىن مەن غۇلامىددىنكامنى ساق سالامەت ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە مەن غۇلامىددىنكامنى يوقلاپ بارسام، غۇلامىددىنكام بىر ئاز ئاقساپ قاپتۇ؛ نېمە بولدى دەپ سورىسام، تىزىم ئازراق ئاغرىيدۇ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىشتاننىڭ پاچىقىنى يۇقىرىغا تارتىپ قارىسام، ئىككى ھەپتە بۇرۇن يىقىلىپ چۈشكەن يەر كۆكىرىپ، ئىششىپ كىتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم شۇ قەدەر بىئارام بولدى. مېنىڭ راھەتسىز بولغانلىقىمنى كۆرگەن غۇلامىددىنكام دەرھال ماڭا تەسەللى بېرىپ، ھېچقىسى يوق، ساقىيىپ كەتكىلى ئاز قالدى دېگەندە، ئىچىم بىر خىل ئاچچىق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

2022 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئەلفىدار خانىمنىڭ تەكلىپى بىلەن توقسان ياشتىن ئاشقان غۇلامىدىنكامنى ئېلىپ، ۋېرجىنىيەدە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان «جۇمھۇرىيەت كۈنى» نى خاتىرلەش پائالىيىتىگە بارماقچى بولدۇق. 2020 ـ يىلى باشلانغان ۋابا تېخى تامامەن ئاخىرلاشمىغان بولغاچقا غۇلامىدىنكامنىڭ ئۆيىدىكىلەر دەسلەپتە ئۇنىڭ ۋېرجىنىيەگە بېرىپ، كۆپلىگەن ئادەم قاتنىشىدىغان ئۇ پائالىيەتكە قاتنىشىشىنى تازا مۇۋاپىق كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما غۇلامىدىنكامنىڭ قەتئىيلىكى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ بېرىشىغا ئامالسىز قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يول بويى ناھايىتى ئاۋايلاپ، ئوبۇرنىغىمۇ بىرگە كىرىپ، غۇلامىدىنكامنى ساق ـ سالامەت ۋىرجىنىيەگە ئېلىپ باردىم. پالىيەت كەچ سائەت 6 دىن 8 گىچە ئۇيغۇر مەركىزىدە ئىككى سائەت داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇ غۇلامىدىنكامنىڭ ۋىرجىنىيەدە قاتناشقان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت بولغان ئىدى. پائالىيەت ئاخىرلاشقاندا كۆپلىگەن جامائەت غۇلامىدىنكام بىلەن بەس ـ بەستە سۈرەتكە چۈشۈپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئورتاقلاشقان ئىدى. پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىككەيلەن ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ يېنىدىكى ياتاققا قايتىپ كەلدۇق. ئارىدا ياتاققا بىزنى يوقلاپ كەلگەن ئىككى قېرىندىشىمىز بىلەن پاراڭلاشتۇق. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن غۇلامىدىنكام پەقەت ھارغىنلىق ھېس قىلغاندەك ۋە ئۇيقۇسى كەلگەندەك ئەمەس ئىدى. مەن غۇلامىدىنكامغا، ئەتە يەنە ئالتە سائەت ماشىنا ھەيدەپ ئۆيگە قايتىمىز. شۇڭا بالدۇراق ئۇخلاپ، ئارام ئالسىلا دېسەم، بىرسى يوقلاپ كېلىپ قالارمىكىن دەپ، كېچە سائەت بىرگىچە ئۇخلىماي ساقلاپ ئولتۇردى. ئەتىسى ئەتىگەن بىزنى يوقلاپ كەلگەن بىر نەچچە قېرىنداشلار بىلەن بىرگە ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ، ئاندىن خەمىت قېرىندىشىمىزنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن، دولان رېستورانىغا بېرىپ چۈشلۈك تاماق يەپ، چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىپ، كەچ سائەت 8 بىلەن ئۆيگە ساق سامەت قايتىپ كەلدۇق. يولدا كەلگۈچە يەنە ئۆتمۈشتىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئەمما بۇ قېتىم غۇلامىدىنكامنىڭ خاتىرىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە چېكىنگەن بولۇپ، نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرنى ئارلاشتۇرۇپ قويىدىغان ياكى ئاسانلا تېمىدىن چەتنەپ كېتىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا غۇلامىدىنكام نيورۇكتىن ئايرىلمىغان بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم نيورۇكتىكى جامائەت ئۆتكۈزگەن پالىيەتلەرگە قاتناشقاندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاساسەن ئۆيدە كىتاب ئوقۇش ۋە ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن زىيارەتچىلەرگە، ئۆز ھاياتىدا ئەڭ قىممەتلىك



2018 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋاشىنگتون شەھەرى

بولغان غەزنە — يەنى ۋەتەندىن ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل خاتىرە بويۇملار ۋە ۋەتەندە نەشر قىلىنغان كىتابلارنى كۆرستىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئىدى.

2024ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى دوستىمىز دولقۇن ئەيسا، مەمەت توختى ئۇچەيلەن غۇلامىدىنكامنى يوقلاپ بارغىنىمىزدا غۇلامىدىنكام شۇ قەدەر خوش بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، ھاياجانلانغانلىقىدىن 30ـ20 ياشلاردەك ئېنىرگىيەگە تولغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە ماغدۇرسىزلىقىغا قارىماي، بىزنى يەر ئاستى غەزىنىسىگە باشلاپ كىرىپ، تامغا چاپلاپ قويغان تارىخىي رەسىملەر ۋە كىتابلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدى. بىز قايتىدىغان ۋاقىتتا، بىزنى سىرتىقىچە ئۇزۇتۇپ چىقىپ، تاكى ماشىنا مەھەللىدىن ئايرىلغۇچە ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان ئىدى.

2024ـ يىلى 10ـ ئاينىڭ 26ـ كۈنى دوستىمىز تۇردى غوجا بىلەن غۇلامىدىنكامنى يوقلاپ بارغىنىمىزدا، ئۇ يوقلاشنىڭ غۇلامىدىنكامنىڭ ساق ۋاقتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يوقلاش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئەمما غۇلامىدىنكام بەلكىم بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. دوستىمىز تۇردىنىڭ ئېيتىشىچە، غۇلامىدىنكام ئۇنىڭدىن رازىلىق ئالغان ئىكەن. دوستىمىز تۇردىمۇ غۇلامىدىنكامغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەچ، ئۇنىڭدىن رازىلىق ئالغان ئىكەن. ئۇ



2022 ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋىرجىنىيەدىكى دولان رېستورانى

كۈنى غۇلامەدىنكام شۇنداق تېتىكلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم بىزنى يەر ئاستىدىكى غەزىنىسىگە باشلاپ كىرىپ، بىر نەرسىلەرنى كۆردەتمەكچى بولغاندا، بىز غۇلامەدىنكامنى بەك چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئاۋارە بولمىسىلا دەپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزغان ئىدۇق. هازىر ئويلاپ باقساق، ئەسلى يەر ئاستى غەزىنىسىگە بىرگە چۈشۈپ، شۇ ئارزۇسىغا يەتكۈز قويغان بولساق، بەلكىم بىزگە موهىم بىر نەرسە كۆرسىتىش پىلان بولغۇيتتى. ئەپسۇس، ئۇنداق بىر پۇرسەت ئەمدى مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلامەدىنكام مېڭە سەكتىسى سەۋەبىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، مەن دوكتۇر رىشات ئاbbas ۋە توردى غوجىلار بىلەن بىرلىكتە غۇلامەدىنكامنى يوقلاپ باردۇق. ئۇ چاغدا غۇلامەدىنكامنىڭ ئەهۋالى ناهايىتى ئېغىر بولۇپ، هېچنىمنى تۇيمايتتى. ئارىدىن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، غۇلامەدىنكام كۆزىنى ئاچالايدىغان، ئەمما گەپ قىلالمايدىغان هالغا كېلىپ قالدى. ئادەم تونۇيدىغان ياكى تونۇمايدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈش قىيىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭغا ئەگەر مېنى تونۇغان بولسىلا، كۆزلىرىنى مىدىرلاتسىلا دېسەم كۆزىنى مىدىرلاتقان ئىدى. دېمەك مېنى تونىغان ئىدى. ئەمما كېسەل مېڭىدە ۋە بەكلا ماغدۇرسىز بولغاچقا، چىرايىدا بەك كۆپ ئىپادە يوق ئىدى. ئارىدىن يەنە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، دوختۇرلار غۇلامەدىنكامنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە ئاخىرەتلىككە تەييارلىق قىلىشنى ئېيتقان ئىكەن. مەن 2ـ ئاينىڭ 16ـكۈنى غۇلامەدىنكامدىن رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا يەنە بىر قېتىم باردىم. كېسەلخانىغا كىرىشىمگە، غۇلامەدىنكام مېنى كۆرۈپلا خۇددى مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغاندەك، قولىنى كۆتۈردى؛ مەنمۇ دەرهال بېرىپ قولىنى تۇتتۇم. ئۇزۇنغىچە بىر بىرىمىزگە قاراپ تۇردۇق ۋە غۇلامەدىنكامدىن رازىلىق ئالدىم. 2ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 6:30 دا غۇلامەدىنكام كۆزىنى يۇمۇپ، بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى.



2024 ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غۇلامىدىنكامىنىڭ ئۆيىدە

2025 - يىلى 2- ئاينىڭ 20 - كۈنى: غۇلامىدىنكامىنىڭ جىنازە نامىزى

ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسى ھەممىمىزدە بار. ئەمما غۇلامىدىنكامىنىڭ ۋەتەن-مىللەت سۆيگۈسى ھەممەمىزدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇۋاپىق سۆز تېپىش ئاسان ئەمەس. غۇلامىدىنكامىنىڭ ھاياتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن بېغىشلانغان ھايات. ئۇ ۋەتەنىدىن ئايرىلغاندىن بېرى خەلقىگە بىر ئۈمىد مەشئىلى بولۇپ، مىللىتىنىڭ دەۋاسىدىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىدى. ئۇ كەچمىشتىكى دەۋانىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كېلەچەكتىكى دەۋاغا ئاساس سالغۇچى ۋە يېڭى ئەۋلاتلارغا ئۈمىد ئاتا قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەۋاغا بولغان ساداقىتى ۋە مۇھەببىتى ھەر بىرمىزگە ئۆچمەس نەمۇنىلار قالدۇردى. ئۇنىڭ ۋاپاتى، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش. ئۇ خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ياشايدۇ. مەن مەرھۇم غۇلامىدىنكامىنىڭ ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىگە كۆپلەپ ئەجىر تىلەيمەن. ئالاھ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!

* غۇلامىدىنكامنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بولۇپ، ئۇ ماڭا 1949ـ يىلى پاسپورت ئالىدىغان ۋاقىتتا، يېشى 18 ياشقا توشمىغانلىقى ئۈچۈن، يېشىنى چوڭايتىۋالغانلىقىنى دەپ بەرگەن. دېمەك غۇلامىدىنكام 1949ـ يىلى 18 ياشقا كىرمىگەن ۋە 1930 ـ يىلى تۇغۇلمىغان. ئۇنىدىن باشقا 1949ـ يىلى 9ـ ئايدا ۋەتەنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا قەشقەردە چۈشكەن بىر سۈرەت ئۈستىدە، «15ـ 16 ياش ئەتراپى، قەشقەر» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ غۇلامىدىنكام 1930ـ يىلى تۇغۇلمىغان. شۇنداقلا ھەقىقى تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ. ئەمما پاسپورت قاتارلىق ئامېرىكانىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە، غۇلامىدىنكامنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى 1930ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 15ـكۈنى بولغاچقا ۋە «ئۆلۈم ئىسپاتى» دىمۇ تۇغۇلغان ۋاقتى شۇنداق يېزىلغان بولغاچقا، قالايمىقان بولۇپ كەتمىسۇن دېگەن مەقسەتتە، مەن تۇغۇلغان ۋاقتىنى 1930ـ كۈنى 4ـ ئاىاينىڭ 15 ـ كۈنى دەپ ئالدىم.

2025ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، نيورۇك


مسلسز ئويغنش
ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ
ئامېرىكادا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە بولغان
قارشىلىق

# ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ئامېرىكادا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە بولغان قارشىلىق

مەكگوۋېرن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىيودىن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنىڭ بىكار قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

توم لانتوس كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى جېيمس مەكگوۋېرن (James P. McGovern) تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىيوغا بىر مەكتۇپ يېزىپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئىنكار قىلغان بىرسىنىڭ ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

مەكگوۋېرن بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «(ئامېرىكادا) ئۇيغۇر مەسىلىسىدەك ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن تاشقى سىياسەت مەسىلىسى بەكلا ئاز. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەكمۇ مۇشكۈل ۋە داۋاسىنىڭ ھەقلىق بولغانلىقىدىندۇر. تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بۇ مەسىلىنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىگە ئېتىبارسىز قارىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ.»

بۇ ئاينىڭ باشلىرىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىيو دەرىن بىتىينى (Darren Beattie) تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەتلەر ۋە ئاممىۋى ئىشلار ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىگەن.

بىتىينىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگىنىنى ئىنكار قىلىش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى رەھىمسىز باستۇرۇش مۇئامىلىسىنى ئامېرىكا ئۈچۈن ئۆرنەك كۆرسىتىپ ماختاش تارىخى بار.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىيو يەنە تاشقى ياردەم مەبلىغىنىڭ توڭلىتىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلارنىڭ پروگراممىلىرىنى توختىتىپ قويۇشقا ۋە بۇ خىل تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئىشسىز قېلىشىغا سەۋەب بولدى.

مەكگوۋېرن مەكتۇبىدا رۇبىيودىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كۈلتۈرىنى ۋە كىملىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يوق قىلىشىغا قارشى قوغدىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان تاشقى ياردەمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو مەكگوۋېرن بىلەن بىرلىكتە كېڭەش پالاتا خىتاي مەسىلىلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئەينى چاغدا قوش پارتىيە ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپقان بۇ كومىتېت ئىسپات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق بىر دوكلات ئېلان قىلغان. مەكگوۋېرن بىلەن ماركو رۇبىيو، ئامېرىكانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئامېرىكاغا ئىمپورت قىلىشتىن چەكلەشنى نىشانلىغان ئابىدە خاراكتېرلىك كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ھېسابلانغان «مەكگوۋېرن-رۇبىيو ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇن لايىھەسى»نى قانۇن قىلىپ يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بىرلىكتە ئىشلىگەن.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://mcgovern.house.gov/news/documentsingle.aspx?DocumentID=400138



# دونالد ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا خىتاينىڭ پاناما قانىلىدىكى شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# دونالد ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا خىتاينىڭ پاناما قانىلىدىكى شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

دونالد ترامپ 2025-يىلى 20-يانۋار كۈنى قەسەم بېرىپ ئامېرىكانىڭ 47-نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى بولۇپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئامېرىكا ۋە دۇنيا خەلقىگە قىلغان سۆزىدە، «بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئامېرىكانىڭ ئالتۇن دەۋرى باشلاندى» دېدى. ئۇ يەنە سايلام رىقابىتى جەريانىدا ئۆزى دۇچ كەلگەن سۇيىقەست ھەققىدە توختىلىپ: «تەڭرى مېنى ئامېرىكىنى ئالتۇن دەۋرگە باشلاپ كىرسۇن دەپ ئاشۇ سۇيىقەستتىن ئامان ساقلاپ قالدى» دېدى. ترامپ نۇتقىدا يەنە بۈندىن كېيىن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئامېرىكا مەنپەتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، دېدى.

ترامپ ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالا ئالماي ناھايىتى جىددى ھالەتتە جەمئىي 14 تۈرلۈك بۇيرۇققا ئىمزا ئاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى خوشال قىلىدىغان خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە بۇيرۇق بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ئامېرىكانىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىدىن ئايرىلىپ  چىقىش بۇيرۇقىدۇر. ئامېرىكانىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىدىن  ئايرىلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەردىڭ بىرى كوۋىد مەزگىلىدە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يۈرگۈزگەن سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى خاتا دەپ قارىغانلىقى، خىتاي بىلەن بىرلىشىپ دۇنياغا ۋۇخەن ۋىرۇسىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ھەققىدە ساختا مەلۇمات بەرگەنلىكى ۋە دۇنيانى ئالدىدى دەپ گۇمان قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. كوۋىد مەزگىلىدە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ بەزى نۇقتىلاردا خىتايغا يان باسقانلىقىدەك ئۇچۇرلارنىمۇ ئاڭلاپ تۇغان ئىدۇق، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭدىن بۇرۇن ئامېرىكادا تۇغۇلغان ھەرقانداق بوۋاق ئامېرىكا ۋەتەندىشى ھېسابلىنىدۇ دىگەن ماددا ئامېرىكا ئاساسي قانۇنىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دونالد ترامپ  بۇ ماددىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇمۇ خىتاينىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بىر كاچات بولدى. چۈنكى نۇرغۇنلىغان خىتايلار ئامېرىكا ئاساسي

قانۇنىدىكى بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، خىتايدا ھامىلدار بولۇپ، ئامېرىكىغا كېلىپ تۇغۇش ۋە بالىسىنى ئامېرىكا گىرەژدانى قىلىش، ئاندىن ئۆزىمۇ ئامېرىكا گىرەژدانى بولۇشنى بىر تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى. دونالد تىرامپ بۇ ماددىدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارىنى ئالدىنقى قېتىممۇ سىناپ باققان، ئەمما كوڭگىرەسنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئامالسىز قالغان. بۇ قېتىم تىرامپ ناھايىتى كۈچلۈك ھالەتتە ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

تىكتوكنى تاقاش ئىشىنى 75 كۈن كېچىكتۈردى. بۇنى تىرامپ تىك-توكنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تىكتوكنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىدىن قولىنى ئۈزۈپ، ئامېرىكادىن بىر يېڭى شېرىك تېپىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بەردى.

تىرامپ 20-يانۋاردىكى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا يەنە ئامېرىكا خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىگە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى خۇش قىلىدىغان، خىتايغا زەربە بېرىدىغان مۇھىم نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ پاناما قانىلى مەسىلىسى.

تىرامپ پاناما قانىلىنى ئامېرىكانىڭ بەرپا قىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، بۇ قانالغا ئامېرىكانىڭ ناھايىتى نۇرغۇن پۇل خەجلىگەنلىكىنى، پاناما قانىلىنى پۈتتۈرۈش جەريانىدا 38 مىڭ كىشىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ، پانامانىڭ ئامېرىكىغا بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى، پاناما قانىلىدىن ئۆتىدىغان ئامېرىكا كېمىلىرىدىن ئىنتايىن يۇقۇرى ھەق ئېلىنىۋاتقانلىقى، ئامېرىكاغا قارىتا ئادىل مۇئامىلە قىلىنمىغانلىقىنى، پاناما بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىملەرنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەنلىكىنى، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار ئامېرىكانىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. دونالد تىرامپ يەنە بۇ يەردە خىتاينىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدۇق، پاناما قانىلىنى خىتايدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز دېدى.

ئۇنداقتا خىتاي پاناما قانىلىدا نىمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟

پاناما قانىلى دۇنيا تىجارىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەڭ مۇھىم ئۆتۈشمە نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن تىنىچ ئوكيانىنى بىر بىرىگە باغلىغان كىچىك بىر سۇ يولىدىن ئىبارەت. ئەمما دۇنياغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور. يىلىغا 14 مىڭ سودا كېمىسى پاناما قانىلىدىن ئۆتىدۇ. پاناما ئەسلىدە كولۇمبىيەنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ، ئامېرىكا پاناما قانىلىنى ئىنشا قىلىش جەريانىدا، كولۇمبىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پاناما قانىلىنى ئاۋال

مۇستەقىل بىر دۆۋلەت سۈپىتىدە كولۇمبىيەدىن ئايرىپ چىقىپ، ئاندىن پاناما قانىلىنى ئىنشا قىلىش ئىشىنى باشلىغان.

پاناما قانىلى 1914-يىلى ئامېرىكا تەرىپىدىن ئىنشا قىلىنىپ، 1999-يىلى پاناما قانىلىنىڭ باشقۇرۇلىشى پاناما دۆۋلىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. ھەر بىر سودا پاراخوتى پاناما قانىلىدىن ئۆتۈشى ئۈچۈن، پاناما دۆلىتىگە 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇل تۆلەيدۇ.

پاناما قانىلىنىڭ نەق ئۆزىدە خىتاينىڭ ئانچە چوڭ تەسىرى يوق. مەسىلەن، بۇ قانالدىن جەمئىي 100 پاراخوت ئۆتىدۇ دەپ پەرەز قىلساق، بۇنىڭ يەتمىشى ئامېرىكا پاراخوت كېمىلىرى، قالغان ئوتتۇزى خىتاي كېمىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما خىتاي دۇنيادىكى بارلىق ئىستىراتېگىيەلىك پورتلارنى مېنىڭ بولۇشى كېرەك، دېگەن خىرىس بىلەن قول ئۈزىتىۋاتقان دۆۋلەت بولۇپ، پاناما دۆلىتىدىكى مۇھىم پورتلارغا خىتاي مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. پاناما دۆۋلىتى ئوتتۇرا ئامېرىكاغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئامېرىكادىكى دۆلەتلەر ئامېرىكا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خىتاي قولىنى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندىن ھالقىپ، قوشنىسى پاكىستاندىن ھالقىپ، ھەتتا ئامېرىكانىڭ قوشنىسى بولغان دەۆلەتلەرگىچە ئۇزىتىپ كەلمەكتە. خىتاي ھەم دېڭىزغا ھەم قۇرۇقلۇققا ھاكىم بولماقچى ۋە ئاخىردا ئامېرىكانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ دۇنياغا ھاكىم بولماقچى.

دۇنيادا دۇنيا تىجارەت مەبلىغىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئىككى قانال بار بولۇپ بۇنىڭ بىرى پاناما قانىلى، يەنە بىرى مىسىردىكى سۇۋەيش قانىلى. پاناما قانىلى پەقەت 82 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا.

پاناما دۆۋلىتى ۋە پاناما قانىلى ھەققىدە توختالغان ۋاختىمىزدا، پاناما دۆۋلىتىنىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك دۆۋلەتلەرنىڭ بىرى بولغان، خىتاي زەھەرلىك قولىنى ھەرۋاقىت ئۇزۇتۇشقا تەييار تۇرۇۋاتقان نىكاراگۇئا ھەققىدىمۇ ئازراق توختۇلۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. نىكاراگۇئا پانامانىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئاتلانتىك ئوكيانىدىن تىنىچ ئوكيانىغىچە بولغان ئۇزۇنلىغى 270 كىلومېتىر. پاناما قانىلىدا شىرىن چۈش كۆرۈۋاتقان خىتاي، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، يەنە نىكاراگۇئاغىمۇ خىرىس قىلماقتا. خىتاي نىكاراگۇئادىمۇ نىكاراگۇئا قانىلى ياساش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىۋاتقان بولۇپ، تاكى شەرقتىن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ ئامېرىكا قىتئەسىگە كېلىپ قانالالار ياساۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، خىتاينىڭ بۇ كېڭەيمىچىلىكى ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئامېرىكا دۆۋلەتلىرىنى راھەتسىز قىلماقتا. بۇنىڭدىن 100 يىل ئاۋال ئامېرىكا پاناما قانىلىنىڭ ئورنىغا نىكاراگۇئادا قانال ياساشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەتراپلاردا پارتلاشقا ھازىر يانار تاغلار بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇنىڭ ئورنىغا

پاناما قانىلىنى ياسىغان. ئەمما خىتاي نىكاراگۇئا نىڭ جەنۇبىدىكى بىر كۆلنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ بۇ يەردە قانال ياساش ئۈچۈن 53 مىليار دوللار مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان. خىتاي بۇ قانالنى باشلىغان رايوندىكى 100مىڭ نىكاراگۇئالىق بۇ جايدىن باشقا جايغا كۆچۈپ بېرىشى كېرەك. پەقەتلا 6.5 مىليون نوپۇسلۇق بىر دۆلەت ئۈچۈن بۇ ناھايىتى چىق سان. نېمە ئۈچۈن خىتايىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسى ئۈچۈن نىكاراگۇئا خەلقى ئۆز ئانا تۇپراقلىرىنى تاشلاپ كەتسۇن؟ ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قانالنى ياساش جەريانىدا 50 مىڭ ئىشچىنىڭ خىتايدىن كېلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ خىتايىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا ئاققۇن كۆچمەن خىتايلارنى يۆتكەش ئارقىلىق شەرقى تۈركىستاننى ئاسىملاتسىيە قىلىپ يوق قىلىش ھىيلىسىنىڭ نىكاراگۇدا تەدبىقلىنىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. قانال ياسىلىش جەريانىدا بۇ رايوندىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتمۇ ئىنتايىن ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش سەۋەبىدىن يۈزلەرچە دېڭىز جانلىق تۈرى يوق بولۇش ئېھتىماللىق زور ئىكەن. دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ كۆچۈش رايونلىرىدا ئۆزگىرىش بولىدىكەن. بۇ خىل دۇنياغا ئېلىپ كېلىدىغان ئەگەشمە زىيان يوقۇتۇشلار خىتايىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ ئەلۋەتتە. ئافرىقىدا دۇنيانى قارىتىپ قويۇپ تۇرۇپ قىلغان ئەتكەنلىرى ئالدىدا بۇ ھېچنىمە ئەمەس.

مەسىلەن، خىتاي سىرىلانكىغا قەرزنى قايتۇرالمايدىغانلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ نۇرغۇن قەرز بېرىپ، قەرز بىلەن بوغۇپ قويۇش بەدىلىگە بىر پورت ئىنشا ئەتكەنتى. ئاخىردا سىرىلانكا بۇ قەرزلەرنى تۆلىيەلمىگەنلىگى ئۈچۈن خىتاي سىرىلانكىدىن بۇ پورتنى تارتىۋالدى. خىتايىنىڭ يەنە ئافرىقىدا ئەسكىرى جەھەتتىن قوللىنالايدىغان ھەربى پورتلىرى بار بولۇپ، خىتاي ئوڭايلا ئافرىقىدىكى دۆۋلەتلەرنى بېسىۋالالايدۇ. خىتاي ئۇيغۇرلارغا قىلغان ئەسكىلىكلىنىڭ ھەممىسىنى ئەمدى دۇنيا دۆۋلەتلىرىگە يۈرگۈزىۋاتىدۇ. نىكاراگۇئا بۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ خىتايىنىڭ قانال ياساش پىلانىنى توختۇتۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي بۇ قانالنى ياساشتا زومىگەرلەرچە ھالىتىدىن يانغىنى يوق. جىبۇتى ھەم خىتايىنىڭ قەرز پۇل تورىغا چۈشكەن بىر شەھەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

خىتايىنىڭ پاناما دۆۋلىتىدە ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان تەسىرى ھەققىدە فوربېس خەۋەرلىرى تېلۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىيو ئەپەندى پاناما قانىلىنىڭ خىتايىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قېلىشىدىكى خەتىرى ھەققىدە كەڭرى توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پاناما قانىلى كېلىشىمنامىسىگە ئاساسلانغىنىمىزدا گەرچە بۇ قانال تەرەپسىز ھالدا ھەرقايسى دۆۋلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر كىچىك ئۆتۈشمە يول بولسىمۇ، ئەمما خىتايىنىڭ بۇ يەرگە يامان نىيەتتە سوقۇنۇپ كىرىۋاتقانلىقى ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. نەتىجىدە كېلەچەكتە پاناما قانىلىنىڭ بىتەرەپ بولالماسلىق خەتىرى كۆرۈلۈۋاتقانلىقى ئېنىق. پاناما دۆلىتى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئامېرىكا بىلەن ناھايىتى دوستانە ئىشبىرلىكى ئىچىدە بولۇپ، 2017-يىلى پانامانى زىيارەت قىلغان

ۋاختىمدا پاناما دۆلىتىدە خىتاي قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ قانالنىڭ كىرىش ۋە چىقىش قىسمىدىكى پورتلارنى كونترول قىلىۋالغانلىقىنى كۆردۈم.»

ماركو رۇبىيو ئەپەندى فوربېس تېلۋىزىيە قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا گەرچە پاناما قانىلىدىن خىتاينىڭ بەك جىق كېمىلىرى ئۆتمىسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ پاناما قانىلىغا كىرىش ۋە چىقىش رايونلىرىدىكى پورتلارغا كۆز تىكىۋاتقانلىقى ۋە مەبلەغ سېلىپ كونترول قىلىۋاتقانلىقى، ۋاقتى كەلگەندە بۇنى ئامېرىكا ئۈچۈن بىر قورال سۈپىتىدە قوللىنىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سابىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباماmۇ خىتاينىڭ پاناما قانىلىغا يۇمشاق سىڭىپ كىرىشى ھەققىدە ئۆز ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

يەنە بىر ئەندىشە پاناما قانىلىنىڭ كىرىش ۋە چىقىش قىسمىدىكى پورتلارنى ئىگىلىۋالغان خىتاي شىركەتلىرى ئەگەر ياخشى كۆڭىنىڭ يامىنى بولۇپ، خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىدىن قانالنى تاقاش بۇيرۇقى كەلسە قانالنى تاقاپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر خىتاي تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، تەيۋەنگە ياردەمگە بارىدىغان ئامېرىكا ئۇرۇش پاراخوتلىرى پاناما قانىلىدىن ئۆتەلمەي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ماركو رۇبىيو ئەپەندىم فوربېسكە بەرگەن زىيارىتىدە پاناما قانىلى مەسىلىسى، يەنى خىتاينىڭ پاناما قانىلىغا قارا قولىنى سۇنۇشى چاقچاق ئەمەس، بەلكى بىر جىددىي مەسىلە دېگەن. ماركو رۇبىيو ئەپەندى يەنە پاناما قانىلىنىڭ كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزلىرىنىڭ خىتاي شىركەتلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىشى بىزنىڭ يەنى ئامېرىكىنىڭ بىر توقۇنۇش ئىچىدە ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ دېدى. ئەگەر خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى بۇ پورتلارنى ئىگىلىۋالغان شىركەتلەرگە پاناما قانىلىنى تاقا دېگەن بىر بۇيرۇقنى بەرگەن ۋاقىتتا، بۇ ئامېرىكا ئۈچۈن بىر ئېغىر ئىقتىسادىي مەسىلە. دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئېغىر مەسىلە. بۇنى كۆرمەستىن كېلىشكە بولمايدۇ، دەيدۇ.

2017-يىلىدىن ئېتىبارەن، بولۇپمۇ جاللات شى جىنپىڭ قايتىدىن خىتاي رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن ئېتىبارەن، خىتاينىڭ تەسىرى بارغانچە نەچچە قاتلىنىپ ئاشقان.

پاناما 2017-يىلى 13- ئىيۇن كۈنى تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، خىتاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول ئاتالمىش پروجەسىگە قوشۇلغان. ھازىر تۆت مىليونلۇق پاناما نوپۇسىنىڭ ئون پىرسەنتىنى خىتاي نوپۇسى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك پانامادىكى خىتاي نوپۇسى 400 مىڭ دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر پانامادا ياشاۋاتقان ۋە تىجارەت قىلىۋاتقان خىتايلارنى قوشقاندا پانامادا بىر مىليون خىتاينىڭ ياشايدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. پاناما نوپۇسىنىڭ 4 مىليون ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. بۇ سانلىق مەلۇماتلار خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان. پانامادىكى نۇرغۇن بوش

قورۇ جايلار ۋە زېمىن يەرلەرنىڭ، ئۆزلىرى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە تۇرۇپ، پانامادىن قورۇ جاي ۋە يەر زېمىن ئېلىپ تاشلاپ قويغان خىتايلار تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان يەرلەر ئىكەنلىكى خىتاي مېدىيالىرىدا تىلغا ئېلىنغان. بۇ خىل ئەھۋال كانادادىمۇ بولغان، نەتىجىدە 2016-يىلىدىن كېيىن كانادادىكى ئۆي باھاسىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىغا سەۋەپ بولغان. كانادا ھۆكۈمىتى چەت ئەللىك قورۇ جاي ۋە يەر مۈلۈك سېتىۋالغۇچىلارغا قارىتا باجنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كانادادىكى يەر مۈلۈك بازىرىغا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

پانامادىكى نۇرغۇنلىغان كوچىلارنىڭ ئىسمى ھەم خىتايچە يېزىلغان. خىتاي كارخانىلىرى ۋە بانكىلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن. يەرلىك خەلق ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىشقا باشلىغان. پاناما پارلامېنتىدا تۆت خىتاي پارلامېنت ئەزاسى بولغاندىن باشقا، جاڭجۇنخۇا ئىسىملىك بىر خىتاي پانامادىكى كورىرا دېگەن تۆتىنچى چوڭ شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقى بولغان.

2025-يىلى 2-فېۋرال كۈنى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىئو ئەپەندىم ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى تۇنجى زىيارىتىنى پاناما دۆلىتىگە قارىتا ئېلىپ باردى. ماركو رۇبىيو ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى خىتاينىڭ پانامادىكى تەسىرى ۋە قارا قولىنى تازىلاشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي زىيارەت بولغان بولۇپ، ماركو رۇبىيو ئەپەندىم پاناما پىرىزدېنتى رائۇل مۇلىنو ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جاۋئەر مارتىنىز بىلەن كۆرۈشۈپ، رايوندىكى ۋە دۇنيادىكى ھالقىلىق مەسىلىلەر، شۇنداقلا خىتاينىڭ پاناماغا سوزۇۋاتقان قارا قولى ھەققىدە سۆھبەتلەردە بولدى. ماركو رۇبىيو ئەپەندىنىڭ بىر زىيارىتى بىلەنلا، پاناما دەرھال خىتاينىڭ بىر بەلباغ بىر يول ئىستراتىگىيەسىدىن چېقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ دونالد ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن پاناما مەسىلىسىدە خىتاينىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان تۇنجى كاچات ھېساپلىنىدۇ.

**ئۆتكۈر ئالماس تەھرىرلىدى**



# مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ يەتتە ئادىتى

## مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ يەتتە ئادىتى

### 1. پىلان، پىلان، يەنە پىلان!

كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. 5 يىل ، 10 يىل ياكى 20 يىل ئىچىدە قەيەردە بولىسىز دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قارىماققا مۈشكۈلدەك بىلىنىدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزىنىڭ نىشانىنى بەلگىلەيدۇ ۋە بۇ نىشانغا قانداق يېتىش ئۈستىدە پىلان تۈزىدۇ، شۇنداقلا ئىزچىل تۈردە ئاشۇ نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىدۇ.

بىرىنچى قەدەم: بۈگۈندىن باشلاپ نىشانىڭىزنى بەلگىلەڭ ۋە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىڭ، ئاستا-ئاستا ئاشۇ ئارزۇيىڭىزنىڭ بىر-بىرلەپ رېئاللىققا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. ئەگەر كەلگۈسى 5 يىللىق پىلان تۈزۈشنى بەك ئۆزۈندەك ھېس قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن كېلەر ھەپتە ياكى ئەتە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نىشانىڭىز ئۈچۈن پىلان تۈزسىڭىزمۇ بولىدۇ.

### 2. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ھەرگىزمۇ يالغۇز ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشقان ئەمەس. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى، ئۇلارنى قوللايدىغان، يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ۋاقىت چىقىرىپ سىزگە ياردەم قىلغانلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ يولى.

بىرىنچى قەدەم: باشقىلارغا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ يولى شۇكى، ياردەمگە ئېھتىياجى بار كىشىلەردىن ياردىمىنى ئايىماسلىق، ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىش ۋە يول كۆرسىتىش. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بولسا ئۆز تەجرىبىلىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشتۇر.

### 3. ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىش

دۇنيادا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئىشلار يوق، ھەممە ئىشلار ئۆزگىرىدۇ. بىز كۈندە دېگۈدەك ئوخشىمىغان ئەھۋال، رىقابەت، ئادەم ۋە مۇھىتقا دۈچ كېلىمىز. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بىلەن باشقىلارنىڭ پەرقى شۇكى، ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرگە قانداق يۈزلىنىش ۋە قانداق قوبۇل قىلىشتا.

بىرىنچى قەدەم: ئۆزگىرىشنى ئالدىن پەرەز قىلىشقا تىرىشىڭ. ئەتىگەندە ئويغان چېغىڭىزدا، ناۋادا شۇ كۈنى پىلانلىغان ئىشىڭىزنىڭ ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلسىڭىز، قانداق تاقابىل تۇرۇش ياكى قانداق قىلىپ ئورنىنى تولۇقلاش توغرىسىدا ئويلۇنۇڭ ۋە پىلان تۈزۈڭ. ئاشۇنداق كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشكە يولۇققاندا، كەينىڭىزگە بىر قەدەم چېكىنىپ تۇرۇپ، يۈز بەرگەن ئىشلار توغرۇلۇق ئويلۇنۇڭ، تەھلىل قىلىڭ ۋە ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىڭ. ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلالىغان ۋاقتىڭىزدا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتنى كۈتۈۋالالايسىز.

### 4. مەغلۇبىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

فېيسبۇك، ئىنىستىگرام ۋە تۋىتتېردىن ئىبارەت بۇنداق رەقەملىك دەۋردە ياشاۋاتقان ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى كۆرسىتىشكە، مەغلۇبىيىتىمىزنى يوشۇرۇشقا تىرىشىمىز. ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۈرتكىسى دەپ قارايدۇ.

بىرىنچى قەدەم: مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن مەغلۇبىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلىمەسلىكىڭىز كېرەك. مەغلۇبىيەت ئارزۇيىمىز ۋە نىشانىمىزنىڭ مۇھىملىقىنى مۇستەھكەملەپ، مۆلچەرىمىزنى قايتا ئويلىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقىمىز ھەرگىزمۇ مەغلۇپ بولغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. مۆلچەرنى بەك يۇقىرى قىلىۋالماسلىق كېرەك.

### 5. ھەمكارلىق ھەممىدىن مۇھىم

ھەمكارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئاز ساندىكى تەنتەربىيە تۈرلىرىدە كوماندا ئەزالىرى يوق تۈرلەر يوق، ھېچ بولمىغاندا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مەشقاۋۇلى بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ھېچكىم ھەممە ئىشنى ئۆزى يالغۇز ئورۇندىيالمايدۇ. باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئاڭلاش تولىمۇ قىممەتلىك، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىش نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىشىمىزگە ۋە يېڭى ئىدىيەلەر، ئىستراتېگىيىلەر، جەريانلار ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئېنىقلىمىسى ئۈچۈن ئىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بىرىنچى قەدەم: مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار باشقىلارنىڭ پىكرىنى قەدىرلەيدۇ ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىت يارىتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت كوللېكتىپنىڭ تىرىشچانلىقىدىن كېلىدۇ، ھەمكارلىق بولمىسا مۇۋەپپەقىيەتمۇ بولمايدۇ.

## 6. ئۆگىنىشنى ھەرگىز توختاتماڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆگىنىشنى توختاتمايدۇ. قانچە ئەقىللىق بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىلمەيدىغان ئىشلار ھەمىشە بولىدۇ. ۋاقىت ئاجرىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كەسىپتىكى يېڭى يۈزلىنىش ۋە تەرەققىياتلارنى ئوقۇڭ ۋە تەتقىق قىلىڭ. ئەگەر سىز مەلۇم ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىسىڭىز، چوقۇم شۇ ساھەنىڭ بىلىم مۇتەخەسسىسى بولۇشىڭىز كېرەك.

بىرىنچى قەدەم: كۇتۇپخانا ئەڭ ياخشى بايلىق مەنبەسى! بەزى كىتابلاردا مەلۇم ساھەدىكى ئاۋانگارت كىشىلەر خاتىرىلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدىكى ئىش-ئىزلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن. شۇڭا كۆپرەك ئۆگەنگىنىڭىزدىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

## 7. جەرياندىن ھۇزۇرلىنىڭ

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىدا، ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە تىرىشىسىز. تىرىشىش ئىنتايىن مۇھىم بولسىمۇ، بۇ جەرياندىن ھۇزۇرلىنىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. سەپىرىڭىزنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا مىننەتدارلىق ۋە قانائەتچانلىقنى ساقلاپ قالغاندا، كەلگۈسىدە كېرەك بولىدىغان تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. سىز يەنە ئاللىبۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن، كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان مەقسەتلەردىن ھۇزۇرلىنىڭ، بۇ جەريانلاردىن ھۇزۇرلىنىش مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قىلىدۇ.

بىرىنچى قەدەم: ئۆزىڭىزنى ۋە ئارزۇيىڭىزنىڭ ئۆسۈشىنى كۆزىتىڭ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ قوغلىششتىن ھۇزۇرلىنالايسىز.

ئىنگلىسچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://ofy.org/blog/habits_successful_people/



# تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەسى ۋە چىقىش يولى ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز

مەمتىمىن ھەزرەت

# تايلاندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەسى ۋە چىقىش يولى ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز

مەھمەتىمىن ھەزرەت

تايلاندتا 11 يىلغا يېقىن قامالغان 40 نەچچە ئۇيغۇرنىڭ 2025-يىلى 27-فېۋرال خىتايغا قايتۇرۇلۇشى خەلقئارادا جىددىي ئىنكاس قوزغىدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت): تايلاندنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلەپ، خىتايغا مەجبۇرى قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى (ئامېرىكا): ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىيو تايلاندنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، خىتايغا قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جازالارغا ئۇچرىشى مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى:**

تايلاند باش مىنىستىرى پېتوڭتارن شىناۋاترا (Paetongtarn Shinawatra) بۇ قىلمىشنى خەلقئارا قانۇن ۋە جەريانلار بويىچە ئاقلاشقا تىرىشىپ: «11 يىلدىن بېرى بۇ ئۇيغۇرلارنى خىتايدىن باشقا قوبۇل قىلىدىغان دۆلەت چىقمىدى» دېدى.

**ئۇيغۇر دىئاسپوراسىنىڭ ئەندىشىلىرى:**

ئۇيغۇر دىئاسپوراسىدىكى بارلىق ۋەتەنپەرۋەر، مىللەت سۆيەر ئۇيغۇرلار خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇلغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن يەنى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە، زۇلۇمغا ئۇچرىشىدىن،

ھەتتا تۇرمىلەرگە تاشلىنىپ غايىپ قىلىنىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا. بۇ ئەھۋال دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر قايغۇ ۋە چارىسىزلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلماقتا.

ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە تۈركىيە شۇنداقلا خەلقئارا تەشكىلاتلار ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى تېزراق بىخەتەر دۆلەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئاكتىپ دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى. ئاما، يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى چىقتى.

2025-يىل 21-يانۋار ب ب س مۇخبىرى جوناسەن خايد (Jonathan Hyde) «يەر يۈزىدىكى دوزاخ: تايلاند تۇرمىسىدىكى ئۇيغۇرلار خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق يازغان «تايلاند ھۆكۈمىتى 2015-يىلى ئىيۇلدا 109 نەپەر ئۇيغۇر پاناھلىق تىلىگۈچىنى ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەستىنلا خىتايغا قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى دۇنيادىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئەينى چاغدىكى ئاشكارىلانغان بىر قانچە سۈرەتتە بېشىغا قارا خالتا كىيگۈزۈلگەن، قوللىرى كىشەنلەنگەن بۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنى نۇرغۇنلىغان خىتاي ساقچىلىرى يالاپ ئېلىپ ماڭغان. قايتۇرۇۋېتىلگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى خىتاي مەخپىي تۇتۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇنلىرىنىڭ مەخپىي سوت ئېچىپلا ھۆكۈم چىقىرىلىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئاشكارىلانغان.»

تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ، ئەينى ۋاقىتتا تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنى، تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغان بىر بايلىق خەزىنىسى سۈپىتىدە خىتايغا سېتىۋېتىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان بىر ئىش بولسىمۇ، ئۇيغۇرنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ خىتايدىن مەنپەئەت ئۇندۇرۇۋېلىشنى ئويلايدىغان، ئاغزىدىن دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرىنى چۈشۈرمەيدىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرەرسىمۇ بۇ ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقمىدى. ئۇيغۇرنىڭ قەلبى يەنە بىر قېتىم ئېغىر يارىلاندى. 27-فېۋرال ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر ئازاب ۋە چارىسىزلىك كۈنى سۈپىتىدە تارىختا خاتىرلەنگۈسى.

تايلاند تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ: «11 يىلدىن بېرى بۇ ئۇيغۇرلارنى خىتايدىن باشقا ھېچقانداق بىر دۆلەت قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلمىدى» دېگەن سەپسەتىلىرىنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان ئۇنى بىلمەيمەن، ئەمما بۇ گەپ ئۇيغۇرلارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر داۋاسىنى قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنى چوڭقۇر ئويغا سېلىشى كېرەك.

نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ قىممىتى قالمىدى؟ بەزى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار قانداق بولۇپ تۆكمە قىلىپ سېتىلىدىغان ئەرزان مالغا ئايلىنىپ قالدى؟

بۇ پاجىئەلىك تەقدىرىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەرلەردە ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي ئورنى ۋە ياكى كۈچىنىڭ بولمىغانلىقىدىن. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ھەرقايىسى جەھەتلەردىن كۈچلەنمەي تۇرۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن خالىغانچە تېگىشىۋېتىلىدىغان پارچە پۇل بولۇشتەك ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە يوقاپ كەتمەسلىك، ھەمدە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە بىر كىشىلىك ئورنىنى تېپىش، ۋەتەننى تېزراق ئازاد قىلىش، ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىشىمىز ئۈچۈن ئەۋلاتلىرىمىزنى ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى بىلەن تەربىيىلىشىمىز، ھەقىقى مىللى مەپكۇرە بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدىغان تەپەككۇر ئىگىلىرى ۋە خىتايغا مۇھتاج بولمىغان ئىقتىسات ئىگىلىرىنى كۆپلەپ يىتىشتۈرۈپ چىقىشنى مۇقەددەس بىر ۋەزىپە قىلىشىمىز كېرەك.

# ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ۋە ترامپنىڭ يېڭى دۇنيا تەرتىپى



ستيفان ۋولف

# ئۇكرائىنا ئۇرۇشى: ترامپ پۇتىننى رازى قىلماقچى ئەمەس، ئۇنىڭ ئامېرىكا ـ خىتاي ـ روسىيەنىڭ يېڭى تەرتىپى توغرىسىدىكى خىيالى

ستېفان ۋولف (Stefan Wolff)
(بېرمىڭھام ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا بىخەتەرلىك پروفېسورى)

ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ بىلەن روسىيەنىڭ پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش ئېهتىماللىقى بولغان كېلىشىمنىڭ تەسىرى توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇكرائىنا ۋە ياۋروپاغا ئېلىپ كېلىدىغان ئىنتايىن سەلبىي ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە كىشىلەر ناھايىتى ئەندىشىلەردە بولماقتا. مۇبادا ترامپ بىلەن پۇتىن ھەققەتەن كېلىشىم تۈزۈپ قالسا، ئۇكرائىنانىڭ كەلگۈسىدىكى چېگرا مەسىلىسىگە چېتىشلىق بولۇپلا قالماي يەنە ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ چېتىلىدۇ.

روسىيەنىڭ كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئۈچىنچى يىلىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇكرائىنانىڭ كەلگۈسى 2022 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن بۇيانقى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كىشىنى ئەندىشىگە سالماقتا. بەزىدە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى 1938 ـ يىلىدىكى ميۇنخېن كېلىشىمىگە ئوخشىتىش كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇ پۇتىننى رازى قىلماقچى دېگەن خاتا قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، ئەكسىچە چوڭ دۆلەتلەر يەنە بىر قېتىم ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ ئىشتىراكىسىز، ئۇلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا قارار چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

خۇددى چېخوسلوۋاكىيە 1938 ـ يىلى گېرمانىيە ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش ئىتتىپاقداشلىرى فرانسىيە ۋە ئەنگلىيىنىڭ بېسىمىغا بىرلا ۋاقىتتا دۇچ كەلگىنىگە ئوخشاش، ئۇكرائىنامۇ ھازىر روسىيەنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى بېسىمى بىلەن ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىمىغا تەڭلا دۇچ كەلمەكتە. ترامپ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۇكرائىنادىن رۇسىيەنىڭ تېررىتورىيە جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىقىغا يول قويۇش، رۇسىيەنىڭ قانۇنسىز ھالدا ئۇكرائىنا زېمىنىنىڭ % 20 ىنىڭ ئىشغال

قىلىۋېلىشنى قوبۇل قىلىشنى كۆچلۈك تەلەپ قىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، ترامپ ئۇكرائىنانىڭ مىنېرال ۋە ئاز ئۇچرايدىغان يەر بايلىقىنىڭ يېرىمىنى ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرىكى ھەربىي جەھەتتىن قىلغان ياردىمى ئۈچۈن تۆلەم ھېسابىدا تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئامېرىكا ئۇكرائىناغا ئالاھىدە بىخەتەرلىك كاپالىتى بېرىشنى رەت قىلدى، ھەمدە ئۇكرائىناغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى ئىتتىپاقداش كۈچلەرنىمۇ (ئۇرۇش توختىتىش ياكى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە) ئەمەلىي بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلدى، بۇ ھەرىكەت ميۇنخېن كېلىشىمىنى ئەسلىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە بىرلىشىپ چېخوسلوۋاكىيەنى، گېرمانلىقلارنى ئاساس قىلغان سۇدېتېنلاند (Sudetenland) نى ناتسىستلار گېرمانىيەسىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغاندىن سىرت يەنە پولشا ۋە ۋېنگرىيەنىڭمۇ چېخوسلوۋاكىيەنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا ھېچ پەۋرا قىلمىغان. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى گىتلېر ميۇنخېن كېلىشىمىدىن ئالتە ئاي كېيىنلا، سلوۋاكىيە قورچاق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چېخنىڭ قالغان زېمىنىنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق چېخوسلوۋاكىيەنىڭ پۈتۈنلەي تالان-تاراج قىلىنىشىغا قاراپ تۇرغان.

بارلىق ئالامەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، پۇتىن ئۇكرائىنادا ياكى ئۇكرائىنانىڭ يول قويۇشى بىلەنلا بولىدى قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەستە تۇتۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نېۋىللې چامبېرلەيىن (Neville Chamberlain) «دەۋرىمىزدىكى تىنچلىق» نى قولغا كەلتۈردۈم دەپ ئويلاپ 11 ئاي كېيىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان.

ميۇنخېندىكى ئوخشىتىش بەلكى ئانچە ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. ترامپ پۇتىننى رازى قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ، چۈنكى ئۇ چامبېرلەيىن (Neville Chamberlain) ۋە دالادىئېر (Daladier) لارنىڭ 1938-يىلى قىلغىنىغا ئوخشاش قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدىكى كۈزۈرنى پۇتىننىڭكىگە قارىغاندا ئاز دەپ ئويلىمايدۇ. ترامپنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتقىنى، تېخىمۇ ئاددىي بىر دۇنيا قاراش بولۇپ، ئاساسلىق كۈچلەر ئۆزئارا تەسىر كۈچى دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىشى، ھەمدە شۇ تەسىر كۈچى دائىرىسى ئىچىدە ئۆزئارا ئارىلاشماسلىق.

بۇنداق دۇنيا تەرتىپى ئىچىدە، ئۇكرائىنا ۋە ياۋروپا مەلۇم مەسىلىگە يولۇقسا ترامپ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئۇكرائىنانى ئامېرىكانىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىمايدۇ، ئەلۋەتتە ياۋروپامۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايون ھېسابلىنىدۇ.

**ترامپنىڭ نەزەرىدىكى دۇنيا**

ترامپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە ئوكرائىنا ياكى ياۋروپاغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى خەلقئارا سىستېمىنى 19-ئەسىردىكى دۇنيا قارىشىغا ماس ھالدا قايتا تەشكىللەش. بۇ خىل دۇنيا قاراش بويىچە ئامېرىكا شانلىق يېگانە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ غەربىي يېرىم شاردا تەڭداشسىز. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەردە ئوكرائىنا كونا تەرتىپتىكى خاتالىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالىدۇ. ھېنرى كابوت (Henry Cabot) نىڭ يالغۇزلۇق نەزەرىيىسىنى قايتا تەكىتلىگەن ترامپنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان يادرولۇق مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، چەتئەلنىڭ تەۋەككۇلچىلىكىگە ئارىلىشىۋالغان.

پۇتىننىڭ سۆزىنىڭ ئەكس ساداسى، ئۇكرائىنغا قارشى ئۇرۇش ئەمدى ئورۇنسىز تاجاۋۇزچىلىق ئەمەس، بەلكى ترامپنىڭ دېگىنىدەك كىيېۋنىڭ خاتالىقى. ئوكرائىنا ئەركىن خەلقئارا تەرتىپنىڭ مەغلۇپ بولغان ئاخىرقى سىنىقىغا ئايلاندى.

ئوكرائىناغا قارشى ئۇرۇش ئېنىقكى ئەركىن خەلقئارا تەرتىپنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنىڭ سىمۋولى، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئەمەس. ترامپ بىلەن پۇتىننىڭ قولىدا، بۇ ئۇرۇش بۇ خىل تەرتىپنى ۋەيران قىلىش قورالىغا ئايلاندى. قانداقلا بولمىسۇن، ئامېرىكا ۋە روسىيە ھازىرقى سىياسىي مەنزىرە ئاستىدا ئاسانلا نۆۋەتتىكى تەرتىپنى ئاسانلا كۆمۈۋېتەلىسىمۇ، ئەمما يېڭى تەرتىپ قۇرۇش تېخىمۇ تەسكە توختايدىغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئوكرائىنا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ھازىرچە قارىماققا ئەرزىمەسدەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا بولمىغان تەقدىردىمۇ، ياۋروپا ئىقتىساقى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ كۈچلۈك تۈزۈلمە ئاساسى ۋە چوڭقۇر ئىقتىسادىي قوللىشى بار. ياۋروپانىڭ ئىنكاسى ھازىرغا قەدەر ئاساسەن يىراقنى كۆرەرلىك ھەمدە تەنقىدكە ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىم سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە روسىيەگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياۋروپالىقلار پۇتىن بەرپا قىلماقچى بولغان ئىمپېرىيە تۈرمۈش شارائىتىنى ئۆرنەك قىلىشنى خالىمايدۇ.

ترامپ بىلەن پۇتىن خىتاي بولمىسا دۇنيانى باشقۇرالمايدۇ. ترامپ بەلكىم موسكۋا بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋالغۇش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن،

ئەمما روسىيەنىڭ خىتايغا بېقىنىشى ۋە خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان تىركىشىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ ئۇنۇم بېرىشى ناتايىن.

ئەگەر ترامپ يەنە شى جىنپىڭ بىلەنمۇ كېلىشىم تۈزسە، مەسىلەن، خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىزدىكى زېمىن پۇتۇنلۇكى داۋاسى، ھەتتا تەيۋەن مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردە مۇرەسسە قىلسا، ئۇنىڭ ئېرىشەلەيدىغىنى ئامېرىكانى قايتىدىن غەربىي يېرىم شارغا تېخىمۇ چېكىنىدۇرۇش بولىشى مۇمكىن. بۇ پۇتىن بىلەن شىنىڭ ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش چەكلىمىسگە ئۇچرىمايلا، ھازىرقى بار بولغان «چەكلىمسىز» ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرىدۇ.

لىبېرال خەلقئارا تەرتىپ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۇتىن-شى كېلىشىمى تارىختىكى، يەنى 1939-يىلىدىكى قىسقا مۇددەتلىك گىتلېر-ستالىن شەرتنامىسى بىلەن ئاجايىپ ئوخشاشلىقى بار. پەقەت بۇ قېتىم، پۇتىن-شى ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش تېزلىكتە پارچىلىنىدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ناھايىتى ئاز.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://theconversation.com/ukraine-war-trump-is-not-trying-to-appease-putin-he-has-a-vision-of-a-new-us-china-russia-order-249979



# مۇھەممەت قۇتلۇق زۇھۇردىن ھاكىمبەگ

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھامىيسى — مۇھەممەت قۇتلۇق زۇھۇرىدىن ھاكىمبەگ

هاجى ئەكبەر مۇھەممەتنىياز

ناۋادا بىز تارىخ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى بىر قىسىم مۇھىم ۋەقەلەر ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلاردا ھەمىشە «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ» دېگەن بىر ئىسىمنى ئۇچرىتىمىز. بىر نەچچە ئاددىي مىسال ئالساق، 1833 ـ يىلىدىن 1855 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش، ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساش ۋە قەشقەر تەۋەسىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى قاتارلىق تەۋەررۇك جايلارنى رېمونت قىلىپ ساقلاپ قېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلار شۇ كىشىگە ئائىتتۇر. ئۇنداقتا، لۈكچۈندىكى مەنچىڭگە سادىق ئىمىن خوجىنىڭ بۇ ئەۋلادى قانداق قىلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن تەڭ تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلانماي، بەلكى، ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن بۈگۈنگىچە ياد ئېتىلىپ ۋە ھۆرمەتلىنىپ كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ قۇتلۇق ئىسمىنى ئوغۇللىرىغا قويۇپ ماختىنالىدى؟

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ھەقىقەتەن تارىخ ۋە تارىخ ياراتقۇچى ئۇيغۇر خەلقى توغرا باھالىغان قابىل ھۆكۈمدار. شۇنداقلا ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق شائىرى ئىدى. ئۇ 1780 ـ يىلى پىچاننىڭ لۈكچۈندە تۇرپان ۋاڭلىقىنىڭ تۇنجى ئەۋلات ۋاڭى ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى تاھىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى تاھىر ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئاتىسى ئورنىدا ئاتا بولالايدىغان تاغىسى مۇھەممەت مەھمۇت ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. 1819 ـ يىلى بىر نەۋرە تاغىسى مۇھەممەت سەئىد قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ، ھاكىمبەگ ئوردىسىدا مەلۇم ئەمەل تۇتقان. 1831 ـ يىلى قەشقەر ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، تاكى 1862 ـ يىلىغىچە 30 يىلدىن ئارتۇقراق ھاكىمبەگ بولغان. 1861 ـ يىلى كۆزدە ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، يۇرتى پىچان لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىپ، 1863 ـ يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولغان. بىراق، ھازىرقى كۈنىمىزگىچە ئۇنىڭ ئاتىسى، ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ئەمەل تۇتقان چاغدىكى خەلققە قىلغان ياخشىلىقلىرى ھەققىدە توغرا ۋە ئىشەنچلىك تارىخىي ئۇچۇرلار تولۇق كەمچىل بولۇپ كەلدى.

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە زور رول ئوينىغان سىياسىي ھۆكۈمران، مەدەنىيەت ئەربابى، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، كېلىپ چىقىشى تۇرپان ئىنانچىخانى ئىمىن خوجا ئەۋلاتلىرىدىن

بىرى، ئەينى دەۋردىكى قەشقەردە ھاكىمبەگ بولغان زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا شائىر ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەردە مەدەنىي ھايات ۋە ئەدەبىيات» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلغاندىن باشلاپ قەشقەر ئەدەبىياتى، شىنجاڭ تەزكىرىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ژۇرنىلى، قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، قۇمۇل ئەدەبىياتى ۋە «تۇرپان» قاتارلىق ژۇرناللار ۋە «19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، «ئىلىم ۋە ئالىم»، «ئەسىرلەر ئابىدىسى»،«ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەر» قاتارلىق كىتابلاردا ئۆمەر تېيىپ، ئابدۇرېھىم سابىت، شەرىپىددىن ئۆمەر، ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات، مامۇت غازى، راجەھ ئابدۇرىشىت ئىبراھىم، نۇرۇللا مۆمىن يۇلغۇن، ئابدۇرىشىت ئەھمەد، ئەركىن مۇھەممەت، ئابلا ئەھمىدى، ئەھمەد ھەمدۇللا، ئۆمەر ئوسمان شىپائى ۋە شىرىپ نىياز خۇشتار قاتارلىق قەلەم ساھىبلىرى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ خېلى ئوبيېكتىپ باھالارنى بەرگەن ئىدى. بۇ ماقالىلەر ئىچىدە ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن، ئابدۇرېھىم سابىت، ئابلا ئەھمىدى ۋە راجەھ ئابدۇرىشىت ئىبراھىمنىڭ ماقالىسى باشقىلار قەلەمگە ئالمىغان يېڭى باياقاشلار بىلەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشلەرگە يول ئاچقان ۋە چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، زوھورىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ تۈپ مەزمۇنى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىر شائىرلىقى، ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، قانداق شارائىتتا سىياسىي ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار يەنىلا نامەلۇم پېتى قېپقالغان. يول ئاچقۇچىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ۋە ئۆزىمىز ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ مۆجمەل نۇقتىلارنى يورۇتۇش ۋە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا تەتقىقاتلاردىن ئەسلەتمە ۋە ئەسكەرتمە بېرىش ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش نىيىتىدە قولىمىزغا قەلەم ئالدۇق.

ئەخمەت ھۆسەيىن ئەپەندى «پىچان يېقىنقى زامان مائارىپى» ناملىق ماقالىسىدە «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى، ئۇنىڭ ئاتىسى يەركەندە ئىشىكئاغا بولغان مۇھەممەت مەھمۇت، ئۇنىڭ ئاـتىسى- نۇرمۇھەممەت ئۇنىڭ ئاـتىسى- ئىمىن خوـجاـ ئىدى» دەپ نەقىل كەلتۈرگەن. ئاـبلا ئەھمىدى ئەپەندى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا ئۆزگىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە «تارىخچى ۋاڭ شىياڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخ ئارخىپلىرىنى مەنبە قىلىپ يازغان ‹1826 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جاھانگىر خوجا كاشىغەر مۇسۇلمانلار قەلئەسىگە ئومۇمىي ھوجۇم قىلدى. ھاكىمبەگ مۇھەممەت سەئىد بىلەن قايىتىدىن ۋەزىپىگە قويۇلغان كاشىغەر ھاكىمبېگى يۇنۇس جۇنۋاڭ سوقۇشتا ئۆلدى. يۇنۇسنىڭ ئوغلى زوھۇرىددىن ئەسىرگە ئېلىندى› دېگەن بايانغا ئاساسلىنىپ، ‹زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ 6 ـ ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ نەۋرىسى، يۇنۇس ۋاڭنىڭ ئوغلى› دېگەن

يەكۈننى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان.»
يەنە بىر قاراشتا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇر مۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ خىل قاراش تەكرار ـ تەكرار قەلەمگە ئېلىنىپ كەلگەن.

«قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ناملىق كىتاپتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجا ئېھتىمال مەجرۇھلىقىدىن بولسا كېرەك پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇن ـ تىنسىز ئۆتكۈزۈپ، 1760 ـ يىللىرى ئۆلگەن. بۇنداق بولغاندا، نۇرمۇھەممەت خوجا ئالەمدىن ئۆتكەندە، زوھۇرىددىن ئەڭ كىچىك بولغاندىمۇ 6 ـ 5 ياشقا كىرگەن، 1819 ـ يىلى تاغىسى مۇھەممەت سەئىد بىلەن قەشقەرگە بارغاندا 65 ياشقا توشقان. 1831 ـ يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندا 75 ياشتىن ھالقىغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي شارائىت ھەم سىياسىي ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلغاندا، يۇقۇرىقىلارنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق بولۇپ، يېشى بىلەن ھايات پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا ماس كەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇتتۇر. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ يېشىنى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتىدىن تەخمىنلەپ ھېساپلاشمۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنداقتا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجا» دىگەن ھۆكۈمدە خاتالىق بارمۇ قانداق؟!

پاكىت ھامان مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا، ئەمدى بىز زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان، شۇ دەۋردىكى ئىش ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى، شائىر نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائىينىڭ زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا تۆۋەندىكى بايانلىرىغا نەزەر سالايلى:

يەنە تەقدىر ئىلە ئەمرى زامان،
ھاكىمۇل ۋاقتى ساھىبى دەۋران،
فىكرەتى شەمئىي مىھرىدەك ماھىر،
شاھ زوھۇرىددىن ئىبنى مىر تاھىر.

يەشمىسى: تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دەۋرىنىڭ سەركىسى مىرتاھىر ئوغلى شاھ زوھۇرىددىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدا قۇياشقا ئوخشاش ئىللىق نۇرىنى تارقاتتى.
شائىر نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى «شاھ زوھۇرىددىن ئىبنى مىر تاھىر» دېگەن ئۇچۇرى ئارقىلىق،

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسىنىڭ مىر تاھىر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن. ئۇنداقتا مىر تاھىر كىم ؟

ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى تەتقىقاتچىلىرىدىن سۇبىيخەي ۋە خۇاڭ جىيەنخۇا قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخىي ماتېرىياللىرى ۋە خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان «قۇمۇل ـ تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ناملىق كىتابىدا «نۇرمۇھەممەت ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئېھتىمال مەجرۇھلىقىدىن بولسا كېرەك، پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆن ـ تىنسىز ھالەتتە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭدىن مۇھەممەت ( تولۇق ئىسمى مۇھەممەت مەھمۇت ) ۋە تاھىر ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل قالغان» دەپ يازغان. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىش تەكرارلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. شۇڭا نورۇزاخۇن زىيائى تىلغا ئالغان «مىرتاھىر» بىلەن «قۇمۇل تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ناملىق كىتاپتا نامى قەيت قىلىنغان «تاھىر» نى بىر ئادەمنىڭ ئىسمى دېيىشكە ئاساس بارمۇ ؟

مەلۇم بولغىنىدەك، «مىرتاھىر» دېگەن ئىسمىنىڭ ئەسلى يىلتىزى «تاھىر» ، ‹مىر› بولسا «بەگ، خوجا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئەمىر» سۆزىنىڭ تىلىمىزدىكى قىسقارتىلىشى بولۇپ «مىرتاھىر» ئىسمىدا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسىنىڭ بەگ ئەۋلادلىرىدىن بولغانلىق سەۋەبىدىن، شۇنداقلا شائىر زىيائىي ھۆرمەت يۈزىسىدىن «مىرتاھىر» دەپ ئاتىغان. بۇ خىل ئاتاش ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدە شۇنداقلا زىيائىي، نىزارى ۋە باشقا كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەمدى بىز ئەينى دەۋردە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا باش كاتىپ بولغان شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا يازغان مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ باقايلى :

بەنەگان يىتبان پەلەكتىن قەزا،
كىچىكلىكىدە قىلدى ئاتادىن جۇدا.

يەشمىسى: مەزگىلسىز قازا يېتىپ، كىچىك چېغىدا ئاتىسىدىن ئايرىلدى.

دەرۋەقە، زوھۇرىددىن كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى قازا قىلىپ كېتىپ، گۆدەك ۋاقتىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلغان زوھۇرىددىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ناسىر ئۆز ئاتىسى ئورنىدا ئۆزلىرىگە ئاتا بولالايدىغان تاغىسى مۇھەممەت مەھمۇدنىڭ ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇڭا، ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىزلەر «مۇھەممەت مەھمۇتنى زوھۇرىددىن ۋە ناسىرنىڭ ئۆز ئاتىسى» دەپ بىلگەن. «زوھۇرىددىننىڭ ئاتىسى يەكەندە ئىشىك ئاغا بولغان مۇھەممەت مەھمۇت» دېگەن كۆز قاراش دەل بۇنىڭ ئىپادىسى. شۇ ۋەجىدىن، بۇ قاراشمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت مەھمۇت بىلەن تاھىر ۋە تاھىرنىڭ ئوغۇللىرى زوھۇرىددىن بىلەن ناسىر قاتارلىق ئىككى ئەۋلات كىشىلەرنىڭ «ئاتىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، تاغىسى ھىمايىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىش» تەك ئوخشاش ئاچچىق تارىخىي كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولغانلىقى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ باقىقان ئاتىسى مۇھەممەت مەھمۇت بىلەن بوۋىسى نۇرمۇھەممەتنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مەلۇم جەھەتلەردىن ئوخشاشلىقى سەۋەبلىك مۇھەممەت مەھمۇت بىلەن نۇرمۇھەممەت ئاتا ـ بالا ئىككەيلەن بىر كىشى يەنى نۇر مۇھەممەت دەپ بىلىنىشتەك خاتا تونۇش شەكىللەنگەن. ئاغزاكى ئاساسسىز بايانلارنى ئاساس قىلغان چۈشەنچىلەر «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى» دېگەن كۆز قاراش ئۈچۈن بىر مەزگىل مەنبە بولغان.

خۇلاسە شۇكى: زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەت خوجىنىڭ ئوغلى تاھىردۇر. شۇنداق بولغاندا، مەزكۇر زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەمەس، بەلكى ئەۋرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### زوھۇرىددىننىڭ ھاكىمبەگ بولۇشتىن ئىلگىركى ئەھۋالى

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ باقىقان ئاتىسى مۇھەممەت مەھمۇت يەكەندە ئىشىك ئاغا بولغاچقا، زوھۇرىددىن يەركەندە تاغىسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. شۇڭا، بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «زوھۇرىددىننى قەشقەردە تۇغۇلغان» دېگەن قاراشلىرى دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. لېكىن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنىلا يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىشى، ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان ماكان، ئاتا ـ ئانىسى ياتقان جاي يەنىلا لۈكچۈن ئىكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلايدۇ. تا ھازىرغىچە بەزىلەر ئۇنى ھاكىمبەگ

بولۇشتىن ئىلگىرى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھاكىمبەگ ئوردىسىدا يۇگۇر-يېتىم ئىشلارغا ياردەملەشكەن دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر مەلۇم ئەمەل مەنسەپ تۇتقان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە ئىدى. يېقىندا ئوتتۇرىغا چىققان مۇنۇ يېڭى تارىخي ئۇچۇرلار بۇ قاراشنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

«داۋگۇاڭنىڭ 4 ـ يىلى (1824 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى مۇھەممەت سەئىد داۋگۇاڭ خانغا كۆك رەڭلىك قاشتېشى ئات ھەيكەل سوۋغات قىلماقچى بولغان. ئەمما مۇھەممەت سەئىدنىڭ زىيارەت قىلىش نۆۋىتى كەلمىگەنلىكتىن، بۇ سوۋغىتىنى شۇ يىلى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىشقا بارغان جىيەنى زوھۇرىددىندىن ئەۋەتكەن» دېگەن ئۇچۇرلارغا قاراپ تۇرۇپ، بىز مۇھەممەت سەئىدنىڭ ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى، زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تاغا ـ جىيەن مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى، سوۋغاتنى ئالغاچ بارغان كىشىنىڭ دەل مۇھەممەت سەئىد ھاكىمبەگنىڭ يېقىنى بولغان جىيەنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ 1824 ـ يىلى مەنچىڭ خانىنى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە 1831 ـ يىلى ئىلىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىشى ئۇنىڭ بۇرۇن ھاكىمبەگ ئوردىسىدا يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلغان ئەمەس، بەلكى مەلۇم ئەمەل مەنسەپتە بولغانلىقى ۋە قەشقەر ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىشى، تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋاقتى

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. بۇ توغرىلىق توختالغاندا تۆۋەندىكى بىر تارىخي ئۇچۇرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

1854 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر خانئېرىق يېزىسىدىكى شامۇمىن كانجۇت تەۋەسىدە ياشايدىغان بىر ئىشاننى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى يۇسۇپ خوجىنىڭ ئەۋلادى دەپ يالغان ئېيتىپ، ئۇيغۇر ئاممىنى توپلاپ ئېچىتقۇ ھەربىي رابات قاتارلىق جايلاردىكى ئۆي ئىمارەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەسكەر ۋە خەلقلەرنى توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. قەشقەردىكى ئۈچۈنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ مۇھەممەت ۋە يەركەندىكى ئۈچۈنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگ ئاقراي ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى تىنجىتقان. بۇ قېتىمقى چوڭ غەلىيانىنى قان تۆكمەي ھەل قىلىشتا زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تۆھپىسى زور بولغاچقا، خەلق ئۇنى مەدھىيلەپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇتلۇق ئىسمىنى ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى قىلىپ «مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ» دەپ ئاتىغان. شۇڭا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋەخپىسى»، «ئاپاق خوجا مازىرى ۋەخپىسى»، ھەتتا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرى

بولمش ھەزرىتى موللام مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان مەسنەۋىدىكى بىباھا ھۆججەت قاتارلىق ۋەسىقىلەردە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ، «مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ» دېگەن ئىسمى ۋە ھۆرمەت نامى تەڭ زىكرى قىلىنغان. يۇقارقى تارىخىي ئۇچۇرلاردا قەيت قىلىنغان قەشقەرنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبېگى «قۇتلۇق تاجى مۇھەممەت ھاكىمبەگ» دېگەن نامى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «مۇھەممەت قۇتلۇق تاجى ھاكىمبەگ» دېگەن ھۆرمەت نامىنىڭ قىسقارتىلىشى بولۇپ، بۇ پاكىت زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ 1852 ـ يىلى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان بولماستىن، 1854 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەردە داۋاملىق ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىدە بولغانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ.

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم ئەپەندى مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىپ، 1861 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەردە ھاكىمبەگلىك ئورنىدا ئىكەنلىكىنى، 1863 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. لېكىن، ئۇنىڭ قانداق تارىخىي شارائىتتا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغانلىقى توغرىسىدا زادىلا توختالمىغان. زوھۇرىددىن تاجىبەگ قەشقەردە ھاكىمبەگ بولغان ئاخىرقى مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان تەمىناتلارنى بېرەلمىگەچكە، ئىلى مەھكىمىسىنى يادرو قىلغان ئىشغالچى كۈچلىرى شۇ چاغدىكى مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەرلىك ئۇيغۇر بەگلەرنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپلىرىنى سېتىشقا باشلىغان. مەنچىڭ باش ھۆكۈمىتىمۇ ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئەمەل ـ مەنسەپ سېتىش ئىشلىرىغا مەدەت بەرگەن. ئېغىر ۋەزىيەتنى كۆزىتىۋاتقان زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ ئۆزىنىڭ خېلىلا ياشىنىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆز يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن «كۈچالىق بىر باي قەشقەر ھاكىمبەگلىكىنى سېتىۋېلىپ» زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولغان. شۇ مەزگىلدە، 1853 ـ يىلى لۈكچۈندىن يەكەنگە بېرىپ ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان «ئەپرىدۇن ھاكىمبەگمۇ 1861 ـ يىلى نامەلۇم گۇناھ بىلەن يەكەندىكى ھاكىمبەگلىك ئورنىدىن قالدۇرۇلۇپ، خوتەنلىك رۇستەم بەگ ئىككى مىڭ ئالتۇن يامبۇغا ئەپرىدۇننىڭ يەركەن ھاكىمبەگلىك ئورنىنى سېتىۋالغان.» شۇنىڭ بىلەن يەكەن ۋە قەشقەردە ھاكىمبەگ بولغان ئۈرۈق تۇغقان بۇ ھاكىمبەگلەر 1861 ـ يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە كەينى ـ كەينىدىن يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەپرىدۇن ۋاڭ بولسا لۈكچۈندە داۋاملىق ۋاڭلىق مەنسىپىدە ئولتۇرۇۋاتقان چېغىدا قەشقەردە توپىلاڭ كۆتۈرلۈپ قالايمىقانچىلىق بولغاچقا، 1863 ـ يىلى يازدا يەنە بىر قېتىم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە ئەۋەتىلگەن. بۇ ھەرگىزمۇ «زوھۇرىددىننىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، نەۋرە ئىنى ئەپرىدۇننىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشى» ئەمەس، بەلكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ

جىددىي ۋەزىيەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئەجداتلىرىنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ قاچان ۋاپات بولغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، قانچە ياشتا ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ 85 يېشىدا ۋاپات بولغان» لىقى ئەڭ ئىشەنچلىك. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، «85 ياش» ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھېسابلانغان بولۇپ، مىلادىيە كالېندارى بويىچە«83ياش» بولغان بولىدۇ. «1863 ـ يىلى 83 يېشىدا ۋاپات بولغان» لىقى بويىچە ھېساپلىغاندا، ئۇنىڭ 1780 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغانلىقى ئېنىق.

## زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئەۋلادلىرى

پېچانىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى تېيىپ پولات ئەپەندى ھايات چېغىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئوغلى ئۆمەر تېيىپ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مەرھۇم زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ بەش قىزى بارلىقىنى تىلغا ئالغان. يازغۇچى ئابلا ئەھمىدى «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا ئۈزگىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەر ئوپالدىكى ئەڭ كاتتا باي چوڭبەگنىڭ ئارزۇلۇق قىزى مەرەم خېنىمنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغانلىقىنى، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئۇستازى مۇللاغوجەش خەلپىتىم بىلەن قۇدىلىشىپ، ئۇنىڭ قىزى ئانار خېنىمنى ئوغلى خۇدا بەردى ھېكىمبەگكە ئېلىپ بەرگەنلىكىنى» قەيت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر يېڭى ئۆستەڭدە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ دادا تەرەپ ئەۋلادلىرى بولۇپ، شۇ ئەۋلادلىرىدىن ھازىر ھايات بولغان ئىمىر غوجا دېگەن كىشى ئوغلىغا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ» دەپ ئىسىم قويغان.

## زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ شائىرمۇ؟

زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى «دىۋانى زوھۇرى» ناملىق توپلامنىڭ ئاپتورى دەپ قاراپ شائىرلىقىنى ئالغا سۈرۈپ كەلگەن. قۇمۇلدىكى قەلەم ساھىبى ئەھمەد ھەمدۇللا ئەپەندى «شائىر زوھۇرىددىن توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى بولماستىن، بەلكى«زوھۇرى» تەخەللۇسلۇق مىرزا زوھورىددىن دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن يازغۇچى ئابلا ئەھمىدى ئەپەندىمۇ «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگ توغرىسىدا ئۈزگىچە بايان» ناملىق ئۇزۇن ماقالىسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلار بىلەن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېمەك زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى ئەمەسلىكى ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ ھەل

قىلىنىپ بولغان.

«دىۋانى زوھۇرى» نىڭ ئاپتورى مىرزا زوھۇرىددىن شېئىرلىرىدا ئۆز يۇرتىنى شۇنچىلىك سېغىنغانلىقىنى، يۇرتىغا قايتالمىغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇ ھەتتا شېئىرلىرىدا «ئايلىدا، قىچقىر، تۇۋاق، مۇنداغ، ياگى، قولداش ـ قوللاش» قاتارلىق يەرلىك شېۋىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ تىل ھادىسىلىرىنىڭ تۇرپان تەۋەسىدە يەرلىك شېۋە بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن ساقلىنىۋاتقانلىقى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. زوھورىددىن ھاكىمبەگنى ئۆزى يازمىغان ئەسەرنىڭ ئاپتورى دەپ كاجلىق قىلىش ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ، ھەم شۇنداقلا «زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنى شېئىرىيەتتىن خەۋىرى يوق، شائىر ئەمەس» دەپ قاراشمۇ تارىخقا ھۆرمەتسىزلىك ۋە چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «شەكەرىستان» ناملىق داستانىنى يازغانلىقى مەلۇم، ئەمما باشقا يازمىلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. لېكىن زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تالانتلىق شائىرلىرىدىن ئىكەنلىكى پاكىت تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. خۇددى خوراسان پادىشاھى، لىرىك شائىر ھۈسەيىن بايقارا ئۆزدەۋرىدە ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق شائىرلارنى، سەئىدىيە خانلىقى سۇلتانى شائىر، مۇغەننىي ئابدۇرىشىتخان شائىر قىدىرخان يەركەندى، شائىر ئامانىنساخانلارنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلىغانغا ئوخشاش شېئىرىيەتكە كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىغاندەك، شائىر زوھۇرىددىن ھاكىمبەگمۇ مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىق داڭلىق شائىرلارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغقان ۋە ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ ئۇلارغا ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىپ بەرگەندىن سىرت، يەنە 1842 ـ يىلى ئۆز يېنىدىكى ئەڭ مۇھىم قەلەم ئەھلىلىرىنى تۇرپاندىكى جىيەنى ئەپىردۇن ۋاڭ يېنىغا بىر نەچچە يىللىق ئەۋەتىپ، تۇرپاندىكى بىلىم ئەھلى بىلەن قەشقەردىكى نوپۇزلۇق بىلىم ئەھلىنى ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، يەنىمۇ مۇكەممەل ئىجادىيەت يارىتىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ئېچىلىشىدا زور رول ئوينىغان.



# ماراكەشنىڭ دىنىي كەڭ قورساقلىقى خىتاينىڭ ئۇيغۇر كرىزىسىنى ھەل قىلالامدۇ؟

# ماراكەشنىڭ دىنىي كەڭ قورساقلىقى خىتاينىڭ ئۇيغۇر كرىزىسىنى ھەل قىلالامدۇ؟

خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ماراكەشنىڭ دىنىي كەڭ قورساقلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق ۋەدىسى (كىشىلەرنى) يوشۇرۇن پاناھگاھ بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە (كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى جەھەتتىكى) يەرشارىۋىي بىپەرۋالىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زۇلۇم 21-ئەسىردىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسلىرىدىن بىرى. خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ دوكلاتى، مەسىلىنى تەكشۈرگەن ژۇرنالىستلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى خىتاينىڭ باستۇرۇشىدىن ھايات قالغان گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى — كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە بارچە ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان (خىتايدىن ئىبارەت) كەڭ كۆلەملىك ساقچى دۆلىتىنىڭ قورقۇنچلۇق كارتىنىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىدىن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خەۋەردار بولۇشىنىڭ ئېشىشىغا قارىماي، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتە ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىكى خىتاينىڭ بۇ خىل باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىماستىن داۋام قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. دىنىي كەڭ قورساقلىقى ۋە مۆتىدىل ئىسلام ئۇسۇلى بىلەن تونۇلغان ماراكەش دۆلىتى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا يېڭى تاللاش بولالامدۇ؟ ھەتتا پاناھگاھ سۈپىتىدە رول ئوينىيالامدۇ؟

خىتاي كومپارتىيىسى (CCP) ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 2017-يىلىدىن باشلاپ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن ئۇيغۇرلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە باستۇرۇپ كەلدى. BBC بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرى قامالغان ئاتالمىش «قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى» توغرىسىدا خەۋەر بەردى. بۇ لاگېرلار ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار ئىگە بولغان ئىسلام ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، خىتايلارغا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان تەربىيىلەش مەركىزى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ.

باستۇرۇشنىڭ كۆلىمى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللار نوپۇسىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان مەجبۇرىي تۇغماسلىق ۋە تۇغۇت چەكلەش قىلمىشلىرىنىڭ نىشانىغا ئايلاندى. سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى مەسچىت، قەبرىستانلىق ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى

كۆرستىپ بەردى. بۇ خىل سىياسەتلەرگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر ياكى چەتئەلدە تۇغقانلىرى بولغان ۋە ئۇ تۇغقانلىرى خىتاينىڭ زۇلمىنى ئاڭلاتقان كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېزدىن ئۆچ ئېلىشىغا دۇچ كەلدى.

(خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشى ھەققىدىكى) دەلىل-ئىسپاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە قارىماي، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى ئاساسەن سىمۋول خاراكتېرلىك بولدى. ئەيىبلەش ۋە دىپلوماتىك بايقۇت قىلىش قاتارلىقلار خىتاينىڭ باستۇرۇشىنى توختىتىش ئۈچۈن ھېچقانچە كارغا كەلمىدى. غەرب دۆلەتلىرى خىتايغا نىسبەتەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەرەب دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى سۈكۈت قىلدى — ياكى تېخىمۇ ناچار بولغىنى — بەزىلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى ئوچۇق-ئاشكارە قوغدىدى.

ئەمما ماراكەش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇپ كېتىش پاجىئەسىدە خىتايغا يانتاياق بولمىدى. ماراكەش ئالىي سوت مەھكىمىسى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلىش خەترىدە تۇرغان ئىدرىس ھەسەننىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشىنى بىكار قىلدى. ئۇنىڭ دېلوسى خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چۈنكى ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىش ئۇنىڭ خىتاي تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا يول ئاچاتتى.

بۇ قارار ئىدرىس ھەسەن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پاناھلىق تىلەش ھالىتىدىكى تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماراكەشنىڭ خىتايدىن كېلىدىغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىمغا قارىماستىن خىتاينىڭ تەلىپىنى ئورۇندىشىنى رەت قىلىشى ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ماراكەشنىڭ بۇ قىلمىشى بېيجىڭنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كەلگەن نۇرغۇن ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما.

ماراكەش كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىككە يانتاياق بولماسلىقتىن باشقا، ئۆزىنىڭ دىنلار بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان دۆلەت ئوبرازىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. ماراكەش ئۇزۇندىن بۇيان مۆتىدىل ۋە كەڭ قورساقلىقنى نامايان قىلىپ كەلدى. بۇ ھەم ماراكەش دۆلىتىنىڭ بەزى رايونلىرىدىكى دىنىي رادىكاللىقتىن ۋە خىتاي دۆلىتىنىڭ دىنسىزلىق ئاتموسفېراسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

ماراكەش ئۆزىنى رايوندىكى دىنىي دىپلوماتىيەنىڭ رەھبىرى قىلىپ كۆرسەتتى. ماراكەش پادىشاھى مۇھەممەد VI ئىماملارنى تەربىيىلەش ئىنستىتۇتى ئافرىقا ۋە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىنىي

خادىملارنى تەربىيەلەپ، كەڭ قورساقلىق ۋە رادىكاللىششتىن ئۈزاق تۇرۇش ئۈچۈرنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى. ماراكەشنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ئىسلام كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولى دەپ تەرپلەندى.

ئەگەر ماراكەش تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچىلارنى قوغداشنى كۈچەيتسە ياكى ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى ئوچۇق-ئاشكارە قوغدىسا، دۇنيادا دىني ئەركىنلىك جەھەتتىكى باشلامچى دۆلەت بولالايدۇ.

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى دەۋرىمىزدىكى ئەڭ جىددىي ئەخلاق مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە، شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كۆپىنچىسى سۈكۈتتە، ھەتتا خىتايغا يانتاياق بولۇشنى تاللىدى.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا ئىگىدارچىلىق پوزىتسىيىسى بىلدۈرۈش خەتەر بىلەن كېلىدۇ. خىتاي ماراكەشنىڭ ئۈچىنچى چوڭ سودا ھەمراھى، بىر بەلۋاغ بىر يول تەشەببۇسى (BRI) قاتارلىق تەشەببۇسلار ئارقىلىق ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت چوڭقۇرلاشتى. خىتاي بىلەن ئوچۇق تىركىشىش بۇ ئىقتىسادىي پايدىغا تەھدىد ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ماراكەش ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە غەرب ۋە غەربتىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان كۈچلۈك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ ، نازۇك دىپلوماتىك ئىقتىدارىنى ئاللىقاچان نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا پاناھلىق بېرىش ياكى ماراكەشنىڭ دىنىي ئەندىزىسىنى خىتاينىڭ زۇلۇمىنىڭ ھاياتىي كۈچى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىشتەك ياخشى تەڭشەش ئۇسۇلى ماراكەشنى بىۋاستە ئۆچ ئېلىنىشقا دۇچ كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىشىنى روياپقا چىقىرالايدۇ. ماراكەشنىڭ بۇ ئۇسۇلى يەنە ماراكەشنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرى ئارىسىدىكى ئورنىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە بولغان ئەندىشىسى يۇقىرى بولغان بۇ خىل ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى دەۋرىمىزدىكى ئەڭ جىددىي ئەخلاق مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە، شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كۆپىنچىسى سۈكۈتنى ياكى خىتايغا شېرىكلىكنى تاللىدى. ماراكەشنىڭ دىنىي كەڭ قورساقلىق ئەنئەنىسى ۋە يېقىندا ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا پايدىلىق قانۇنلۇق قارارى بىلەن باشقا خىل يولنىڭمۇ مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئەگەر ماراكەش تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تەشەببۇس قىلىش ياكى دىنىي ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىپ بېيجىڭنىڭ ئىسلامغا قارشى سۆزلىرىگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر قوللانسا، ئۇنىڭ يەر شارىدىكى زۇلۇمغا قارشى سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش سىياسىي ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلىشى تۇرغانلا گەپ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.meforum.org/mef-online/could-moroccos-religious-tolerance-be-the-answer-to-the-chinese-uyghur-crisis




# بىت تەڭگىسىنىڭ ئۆلچىمى

مەھمەتجان بۇغرا

## بىت تەڭگىسىنى ئۆلچىمى: بىت تەڭگىسىنى بىرلىك قىلغان پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**مەھمەتجان بۇغرا**

بىت تەڭگىسى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى (The Bitcoin Standard)، بۇ بىر كىتاپ ئىسمى. كىتاب ئاۋىسترالىيەلىك مەشھۇر ماتېماتىكا ۋە ئىقتىساد ئالىمى سەيفىدىن ئاموس (Saifedean Ammous) تەرىپىدىن يېزىلغان. سەيفىدىن ئەسلى بىت تەڭگىسىنى ئالدامچىلىق دەپ قارايتى، ئەنئەنىۋى ئىقتىساد نەزەرىيەلىرىنى ھىمايە قىلاتتى. ساتوشىنىڭ بىت تەڭگىسى ھەققىدىكى كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىت تەڭگىسگە بولغان كۆز قارىشى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئۇ كىتابىدا ئوتتۇرغا قويغان ئىدىيە ئاساسىدا بىت تەڭگىسىنىڭ كەلگۈسىدە پۈت دەسسەپ تۇرالايدىغان بىردىنبىر ھەقىقىي پۇل ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بىت تەڭگىسىنىڭ سانىنى داۋاملىق ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەمما قەغەز پۇلنىڭ خالىغانچە بېسىپ تارقىتىلىشى ۋە سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ھامان بىر كۈنى پاخاللىشىپ يىمىرىلىدىغانلىقىنى، ئالتۇن-كۈمۈش كانلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئالتۇن كۈمۈشنىڭ ساقلاش قىممىتىنىڭمۇ تۆۋەنلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. كىتاب گەپنى پۇلنىڭ تارىخىدىن باشلايدۇ. قەدىمدە ئىجاد قىلىنغان پۇللار، ئۇ پۇللارنىڭ قانداق قىلىپ يىمىرىلگەنلىكى (ئىشلىتىلىشتىن قالغانلىقى) ھەققىدىكى تارىخنى چۈشەندۈرىدۇ. كىتاب مەزمۇنىغا ئاساسەن ۋە ئىقتىسادى نەزەرىيەلەر ئاساسىدا پۇلنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن كۈنىمىزگە قەدەر تەرەققى قىلىشى، كەلگۈسى تەرەققىياتلار ھەققىدىكى ئىلمىي كۆز قاراشلارنى يىغىنچاقلاپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.

### پۇل ئۇقۇمى

ئىقتىسادتا پۇل كەڭ مەنىلىك ۋە تار مەنىلىك پۇل دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ. تار مەنىلىك پۇل — بىۋاسىتە تاۋار بىلەن دەرھال ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان پۇللارنى، يەنى ئاساسلىقى قەغەز، تەڭگە ۋە باشقا شەكىلدىكى پۇللارنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى پۇل بولسا قەغەز، تەڭگە پۇللاردىن باشقا، بانكا چېكى، ئاكسىيە، پايچەك، ھۆكۈمەت زايومى، تاشقى پېرېۋوت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پۇل — مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان ئەڭ مۇھىم كەشپىياتلارنىڭ بىرى. پۇل چۈشەنچىسى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدە ۋە باشقىلاردا ئېشىنچە ۋە كەمچىل بولغان نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن دېھقان ئاشلىقنى تۆمۈرچىنىڭ قوراللىرى بىلەن، ياكى كۇلاچى ئىدىش-قاچىلارنى كىيىم-كېچەك بىلەن ئالماشتۇراتتى. ئەمما ئامالشتۇرىدىغان ئادەم تېپىش تەس، ئېھتىياج ۋە تەمىنلەش بار ۋاقىت ناھايىتى چەكلىك ئىدى. ئىنسانلار ئۆزىدە ئېشىنچە نەرسىلەرنى ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئالماشتۇرۇش پۇرسىتى ھەر ۋاقىت، ھەر يەردە مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان بىر ۋاستىچى تاۋارغا ئېھتىياج چۈشكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر قەبىلىلەر ئوخشىمىغان نەرسىنى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىشقا باشلىدى.

قەدىمكى مېسوپوتامىيەدە ئاشلىق دەسلەپكى پۇل شەكلى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئاشلىقنى ھەممە ئادەم قوبۇل قىلاتتى، ئىبادەتخانا ئامبارلىرى دۇنيادىكى تۇنجى بانكا رولىنى ئوينىدى. ئەمما ئاشلىق يېرى بار ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالغاچقا تەلەپ-ئېھتىياج تەكشۈكسىزلىكى ئېغىر ئىدى. خىتايلار قوڭغۇزتام (بىر خىل قۇلۇلىگە ئوخشاش ھايۋان) قېپىنى ئىشلەتتى. بۇ تارىختا ئەڭ ئۇزۇن ئىشلىتىلگەن پۇل شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئەمما كىشىلەرنىڭ بۇ خىل قۇلۇلە قېپىنى كۆپلەپ قېزىشى، قۇلۇلە بېقىپ كۆپەيتىشى بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە قۇلۇلە قاپلىرى پاخاللىشىپ كەتتى. تۇز قەدىمكى رىمدا شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىدىكى، لەشكەرلەر مائاشىنى تۇز بىلەن ئالاتتى. شۇڭا «salary» (مائاش) دېگەن سۆز لاتىنچە «salarium» (تۇز پۇلى) دىن كەلگەن ئىدى. ئەمما تۇز تەمىنلەيدىغان رايونلاردا بايلىق كۆپىيىپ، تۇز ئاز چىقىدىغان يەرلەردە ئاچارچىلىق كۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇزنى ساقلاش تەس ئىدى، توشۇپ يۈرۈش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشى، سۈپىتى ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئىدى. تۇشۇش، قاچىلاش، ساقلاش ئاسان ئەمەس ئىدى.

ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار بەزى قىممەتلىك مېتاللارنى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. تېپىلىش تەس بولغان مېتاللاردىن ئالتۇن كۈمۈش بىر قەدەر ئومۇملاشتى. ئالتۇن ۋە كۈمۈشتەك قىممەتلىك مېتاللارنىڭ قوللىنىلىشى پۇل تارىخىدىكى مۇھىم نۇقتا ئىدى. شۇنداقلا بۇ باسقۇچ ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولدى. بىر ماددىنىڭ پۇل بولۇپ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر لازىم، شۇنداقلار ئالتۇن كۈمۈشلەر بۇ شەرتلەرگە تامامەن چۈشەتتى:

- ئۇلار چىداملىق ۋە ۋاقىت ئۆتكەنسېرى چىرىمايتتى

- ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئاز ئۇچرايتتى، قىممىتىنى ساقلاپ قالالايتتى

- ئۇلارنى كىچىكرەك بىرلىكلەرگە بۆلگىلى بولاتتى

- ئۇلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ۋە ساقلاش ئاسان ئىدى

- ئۇلارنىڭ ھەر قايسى مەدەنىيەتلەردە تەبىئىي قىممىتى بار ئىدى

**تەڭگە پۇلنىڭ بارلىققا كېلىشى**

تۇنجى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن مېتال تەڭگىلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 600-يىللاردا لىدىيەدە (ھازىرقى تۈركىيە) پەيدا بولدى. ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ تەبىئىي ئارىلاشمىسى بولغان ئېلېكترۇمدىن ياسالغان بۇ تەڭگىلەردە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ئېغىرلىق ۋە رەسمىي مۆھۈرلەر بار بولۇپ، دۆلەت ئۇلارنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلاتتى. بۇ يېڭىلىق ئوتتۇرا دېڭىز ۋە ئاسىيا دۇنياسىغا تېز تارقىلىپ، سودا-سېتىقنى ئىنقىلابىي ئۆزگەرتتى.

**قەغەز پۇل ۋە بانكىچىلىق**

خىتايلار سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (960-1279-يىللار) دۇنيادىكى تۇنجى قەغەز پۇلنى ئوتتۇرىغا قويدى. سودىگەرلەر ۋە چوڭ تىجارەتچىلەر كۆپ مىقداردىكى تەڭگىلەرنى ئىشەنچلىك ۋاكالەتچىلەرگە قالدۇرۇپ، ئۇلار پۇلغا قەغەز تىلخەت بېرەتتى. «ئۇچار پۇل» دەپ ئاتالغان بۇ تىلخەتلەرنى باشقا شەھەرلەردە تەڭگىگە ئالماشتۇرغىلى بولاتتى. بۇ يىراق مۇساپىلىك سودىنى خېلى ئاسانلاشتۇردى. ئەمما ساختا قەغەز پۇللاردىن ساقلىنىش تەس بولدى ۋە كېيىن يەنە ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

1400 - يىللاردا ياۋروپادا ئويغىنىش ھەركىتى نەتىجىسىدە ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى. باشقا رايونلار بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلەر كۈچەيدى. بۇ ئالاقىلەر جەريانىدا يىراق مۇساپىلىك تىجارەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئەڭ دەسلەپتىكى بانكىلار ئىتالىيەنىڭ Florence, Venice شەھەرلىرىدە بارلىققا كەلدى. فلورېنسىيەدىكى مېدىچى ئائىلىسى تارىختىكى ئەڭ كۈچلۈك بانكا سۇلالىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇلار بۈگۈنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان قوش كىرىملىك ھېسابات يۈرگۈزۈش ۋە باشقا

مالىيە يېڭىلىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ بانكىلار ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان كىرىم-چىقىم دەپتىرى، مالىيە-بوغالتىرلىق جەدۋىلى قاتارلىقلارنى ئىجاد قىلىدى. ئالتۇن كۆمۈشكە تېگىشكىلى بولىدىغان قەغەز ھۆججەتلەرنىمۇ  ئىشلەتتى.

### ئالتۇن-پۇل ئۆلچىمى دەۋرى

19-ئەسىرگە كەلگەندە خەلقئارا سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ دۆلەتلەر ئالتۇننى ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىپ ئىشلىتىش ئومۇملاشتى. بارا-بارا ئالتۇن ھەممە دۆلەت قوبۇل قىلىدىغان ئورتاق پۇل بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا كۆپ مىقتاردىكى تاۋارلارنى مۇقىم نىسبەتتە ئالتۇنغا بىۋاستە ئالماشتۇرغىلى بولاتتى. كىچىك بىرلىكتىكى پۇل ئۆچۈن كۆمۈش، مىس ۋە باشقا مېتالدىن ياسالغان تەڭگىلەر بارلىققا كەلدى. ئەمما ئاساسلىق ئورتاق قوبۇل قىلىنغان پۇل ئالتۇن ئىدى. بۇ سىستېما مۇقىم پۇل مۇئامىلە سېستىمىسى بىلەن تەمىنلەپ، خەلقئارالىق سودىنى ئاسانلاشتۇردى. ئەمما ئالتۇننىڭ ئىقتىسادىي كىرزىس، ئۇرۇش  مەزگىللىرىدە بەزى يېتەرسىزلىكرى ئوتتۇرغا چىقتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مىسلىسىز ئويغىنىش




# خىتاينىڭ سۈنئىي ئەقىل دېتالى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى يوققا چىقىرىشقا كۆچمەكتە

ئالېكساندىر باتلېر

# خىتاينىڭ سۈنئىي ئەقىل دېتالى DeepSeek بېشىمىزغا كەلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تارىختىن يۇيۇۋېتىشكە كۆچمەكتە

ئالېكساندىر باتلېر

DeepSeek دۇنيا مىقياسىدا كۈچلۈك زىلزىلە قوزغاۋاتقاندا، ئالېكساندىر باتلىر (Alexander Butler) خىتاينىڭ بۇ دېتالىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يوققا چىقىرىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

DeepSeek كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان سۈنئىي ئەقىل دۇنياسىدا تېزلىك بىلەن يۈكسىلىپ، ئامېرىكالىق رەقىبى ChatGPT نىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسىگە ئايلاندى.

ئەمما ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا نىسبەتەن، خىتاينىڭ بۇ دېتالىنىڭ تارقىتىلىشى ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇر قانداشلىرىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن يوق قىلىۋېتىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2000-يىلى خىتاينىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغان رەھىمە مەھمۇت «مۇستەقىللىق گېزىتى» گە مۇنداق دېدى: «خىتاي ھۆكۈمىتى سۈنئىي ئەقىل تېخنولوگىيىسىنى ئىشلىتىپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى يوقىتىپ تاشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ.»

سەككىز يىلدىن بۇيان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلالمىغان ۋە ئىنىسىنىڭ ئىككى يىلدىن بېرى جازا لاگېرىغا قامالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان رەھىمە خانىمنىڭ ئەنسىرەش سەۋەبى بار.

مەزكۇر «دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان سۈنئىي ئەقىل ياردەمچىسى» ئۆزىنى تەسۋىرلىگەندەك «پايدىلىق ۋە زىيانسىز جاۋاب بېرىش» ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بولۇپ، دۇنيا مىقياسىدا ئۈچ مىليون قېتىمدىن ئارتۇق چۈشۈرۈلگەن.

بۇ دېتالدىن «ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتامدۇ؟» دەپ سورالغاندا، خىتاينىڭ بۇ دېتالى بۇنداق سوراشنىڭ «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئېغىر تۆھمەت قىلىش» بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ «پۈتۈنلەي ئاساسسىز» ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز ھەر قانداق دۆلەت، تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئىشلىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز.»

رەھىمە مەھمۇت خانىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى» 1997-يىلى قوشنىلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە يۇرتىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۈنسېرى ئېشىپ مېڭىۋاتقان «بۆلگۈنچىلىك» ھەرىكەتلىرىگە قارشى «قاتتىق زەربە بېرىش» پائالىيىتىدىن قاچقان بولۇپ، رەھىمە خانىم شۇ سەۋەب بىلەن مىڭلارچە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكىنى كۆرگەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا ۋە گوللاندىيە خىتاينى ئاساسىي نوپۇسى مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان مىليونلارچە ئۇيغۇرلارغا قارشى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىق بىلەن ئەيىبلىدى.

مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ بۇ خىل ئەيىبلىشى خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاياللارنى تۇغماس قىلىۋېتىش، كىشىلەرنى لاگېرغا سولىۋېلىش ۋە بالىلارنى ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىش قىلمىشىغا ئائىت پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن يۈز بەردى.

2018-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليونغا يېقىن كىشىنى «ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش مەركەزلىرى»گە سولىۋالغانلىقىنى جاكارلىغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مەشھۇر تەتقىقاتچى، دوكتور ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz) خىتاينىڭ بۇنداق قىلىش سەۋەبىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىپ تاشلاش ۋە ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق چۈشىنى نابۇت قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئادرىيان زېنز «The Independent» قا مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار كۈلتەرەل جەھەتتە ۋە دىنىي جەھەتتە خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار خىتاي ئەمەس، تۈركىي مىللەت. ئۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن پەرقلىق بولۇشى بېيجىڭ ئۈچۈن باش ئاغرىقى ھېسابلىنىدۇ.»

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، ئۇيغۇرلار قىرغىزىستان ۋە قازاقىستانغا ئوخشاش تۈرك قوشنىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن موسكۋانىڭ ئۆزلىرىگە ئىگە بولۇۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى كۆردى.

دوكتور ئادرىيان زېنزنىڭ ئېيتىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك دولقۇنى قوزغىغان. ئۇيغۇرلار بېيجىڭنىڭ ئۆزلىرىگە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىشىنى تەلەپ قىلىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن. «نەتىجىدە بۇ خىل ئەھۋال خىتاي ئەمەلدارلىرىنى چۆچۈتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشقا باشلىغان» دەيدۇ ئادرىيان زېنز.

خىتاينىڭ باستۇرۇشى دەسلەپتە مەسجىدلەرنى تاقاش، دىنىي باشلامچىلارنى قولغا ئېلىش ۋە خىتايغا زور كۆلەمدە خىتاي ئىشلەمچىلىرى يۆتكەش بىلەن باشلانغان.

دوكتور ئادرىيان زېنز چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېگەن:

بۇ خىل سىياسەتلەر زوراۋانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە خىتاينىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئەيىبلەنگەن سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

خىتاي بولسا ئۆزلىرىنىڭ بۇ باستۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تېرورىزمغا ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى داۋا قىلدى.

ئەمدى، DeepSeek قا كەلسەك، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: خىتاي «ئىجتىمائىي ئىناقلىق» ۋە «سىجىل تەرەققىيات» سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە.

31 ياشلىق زۇمرەتئاي ئەركىن 2017-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلىسىنىڭ ئىزدېرىكىنى قىلالمىغان. ئۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ دائىملا تۇتۇلۇپ ۋە سوئال-سوراق قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بۇ ۋەجىدىن، DeepSeek نىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تارىخىنى (رېئاللىقنى زىت ھالدا) قايتا يازغانلىقىنى كۆرگەن زۇمرەتئاي قاتتىق ئەندىشە قىلدى. زۇمرەتئايمۇ رەھىمە خانىمغا ئوخشاشلا، بۇنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى يوقىتىپ تاشلاش شۇم نىيىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى يول ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

زۇمرەتئاي ئەركىن «The Independent» قا مۇنداق دېدى: «بۇ خىل تېخنولوگىيە گۇگۇلنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇچۇر ئىزدىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان جاي. بۇ ھال كىشىنى ئېغىر ئەندىشىگە سالىدۇ. بىز DeepSeek نىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغانلىقىنى ئەستە ساقلىشىمىز لازىم. خىتاي بۇ دېتاللىنى ئۇيغۇر خەلقىنى يوقىتىشنىڭ يېڭىچە قورالى سۈپىتىدە ئىشقا سالماقتا.»

خىتاينىڭ تېخنولوگىيە يۈكسىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان دوكتور ۋىليام ماسۇس (William Matthews) مۇنداق دېدى: «بېيجىڭنىڭ DeepSeek كە سۆزگۈچ قويۇشى ھەممىمىز ئۈچۈن <ئىنتايىن ئەندىشىلىك> بولۇشى كېرەك. بۇ دېتال خىتاينىڭ ئۇچۇرلارغا سۆزگۈچ قويۇش قابىلىيىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيانى قاپلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. دېتال يەر شارىدا ئىنتايىن مودىغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھال ھەممىمىزنى ئەندىشىلەندۈرۈشى كېرەك. بۇ دېتال خىتاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشقا ئىگە. مۇشۇ تىپتىكى بىر ئىشتا چوقۇم بىر خەتەر بار. بۇ ئەپ دېتاللىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە تەسىرى چوڭ بولۇپ، بىزنىڭ ئۇچۇر ئىزدىشىمىزدىكى ۋاستىلەردىن بىرىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.»

ھازىر لوندوندا ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئورۇنداش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋە ئۆز كۈلتۈرىنىڭ بارغانچە چەكلىمىگە ئۇچرىشى ھەققىدە ئويلانغان رەھىمە مەھمۇت خانىم مۇنداق دېدى: «<ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئاساسى يوق> دېگەن داۋالار پەقەت خاتالا بولۇپ قالماي، قورقۇنچلۇق زۇلۇملارغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي ئاز سانلىقلارغا قىلىنغان ھاقارەتتۇر.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.independent.co.uk/asia/china/deepseek-ai-china-uyghur-genocide-b2697425.html

# خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوكرائىنا مەسىلىسىدە ئورتاقلىق تاپتى



مىكۋىل ۋىلا

# خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئۇكرائىنا مەسىلىسىدە ئورتاقلىق تاپتى

مىكۇېل ۋىلا (Miquel Vila)

(خەلقئارا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سىياسىي مەسىلىھەتچى، كاتالونىيە يەر شارى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى)

دونالد ترامپ بىلەن ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ ئۇكرائىنا ئۇچۇن تىنچلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلىش سۆھبىتى بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتوننى نۇرغۇن كىشىلەر ئويلىغاندىنمۇ يېقىنلاشتۇردى. خىتاي ئالدىنقى ھەپتە ئامېرىكا بىلەن روسىيەنىڭ ئۇكرائىنا مەسىلىسىدىكى «ئورتاق تونۇش» نى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، رۇيتېر ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تەرەپنىڭ بۇ ئىشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

بۇ ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆتكەن سەككىز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا-خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئورتاق كېلىشىم ھاسىل قىلىشتا ھېچقانداق بوشلۇق يوق ئىدى. ئەمما بۇنىڭدىن يەنىلا مۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېقىنلىشىشىدىن دېرەك بېرەمدۇ ياكى پەقەت تاسادىپىي يېقىنلىشىشمۇ؟

ھەقىقەت شۇكى، ترامپ ھېچ بولمىغاندا مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنغان، ھەتتا ئۆتكەن يىلى نويابىردىكى سايلامدىن ئىلگىرىمۇ بۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن. قانداقلا بولمىسۇن، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئامېرىكا يەنىلا خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ئامېرىكا تېرىلغۇ يەرلىرىنى سېتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقى، خىتايدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارغا قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن، بۇ تەدبىرلەر بەلكىم ئۆزۈنغا بارماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، شى

جىنپىڭ يېقىندا خېلىدىن بېرى چەتكە قېقىلغان مايۈن (马云) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەن-تېخنىكا يېتەكچىلىرىنىڭ يىغىلىشىدا، سودا-تىجارەتنى تېخىمۇ قوللايدىغانلىقى توغرۇلۇق سىگنال بەردى. بۇ ئارقىلىق شى جىنپىڭ چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى، ھەمدە بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۇ خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا موھتاج.

بازار ئىشتىراكچىلىرى بۇ ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرنى بايقاشقا باشلىدى. مورگان ستەنلېي (Morgan Stanley) نىڭ خىتاي پاي ھوقۇقى ئىستراتېگىيىسىنىڭ باش ئەمەلدارى لاۋرا ۋاڭ (王珞拉) ئالدىنقى ھەپتە زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: نەچچە ئايدىن بۇيان خىتاي پاي چېكىگە قارىتا ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنىڭ بىر قىسمى بېيجىڭ بىلەن ۋاشىنگتون ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنىڭ جىددىيلىكىنىڭ پەسىيىشىگە ئەگىشىپ بارا-بارا ئۈمىدۋارلىققا قاراپ يۈزلەنمەكتە. گەرچە يەر شارىلىشىش ئىدىيىسىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەر شارىلىشىش يەنىلا بىر تۈرلۈك رېئاللىق سۈپىتىدە يەنىلا داۋاملاشماقتا.

ئۈنىڭدىن باشقا، ئۇكرائىنانىڭ تىنچلىقى خىتاي بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ پەسىيىشىگە ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن. خىتاي بىلەن موسكۋانىڭ قويۇق مۇناسىۋىتى ھەمدە روسىيەنىڭ خىتاينىڭ ئېكسپورتىغا تايىنىپ غەربنىڭ جازاسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان بېيجىڭ بىلەن بىريۇسسېلنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇقەررەر ھالدا جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ياۋروپا ئىتتىپاقى ھازىرغىچە خىتاينىڭ 31 ئورگىنىغا، روسىيەنى ھەربىي ئۈچقۇچىسىز ئايروپىلاندا ئىشلىتىشكە بولىدىغان قوش ئىشلىتىلىدىغان پۈقراۋى تېخنىكا بىلەن تەمىنلىگەنلىكى سەۋەبلىك جازا يۈرگۈزدى بۇ تىزىملىكتىكى 25 ئورگان مۇشۇ ئايدا قوشۇلغان. ئۇكرائىنا توقۇنۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ جازا ۋە تاموژنا بېجىغا ئۇچراش خەۋپىنى ئازايتىدۇ. مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلگەن ميۇنخېن بىخەتەرلىك يىغىنىدا، خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتى ۋاڭ يى (王毅) ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يوشۇرۇن ئىختىلاپلىرىدىن پايدىلىنىپ، نارازى بولغان ياۋروپا سەرخىللىرىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇكرائىنانىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۈستىلىدە ئورۇن ئېلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇخىل ئەھۋالنىڭ خىتايغا نىسبەتەن پايدىسىز يېرى شۇكى، مۇبادا ئۇكرائىنا ئۇرۇشى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل بولسا ھەمدە ياۋروپانىڭ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئامېرىكانىڭ ھەربىي ۋە دىپلوماتىك بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى، ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىغا سەرپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيە بىلەن تېزدىن كېلىشىم تۈزۈشكە ئۇرۇنۇشىدىكى ئاساسلىق

سەۋەبلەرنىڭ بىرى. قانداقلا بولمىسۇن، شى جىنپىڭ پات يېقىندا يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشقا قارىغاندا دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن بەكرەك ئەنسىرەيدىغاندەك قىلىدۇ.

ھەرقانداق خىتاي-ئامېرىكا دوستلۇق مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى باياناتقا چوقۇم ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى بىر نۇسخا پاكىتلىق تەكشۈرۈشتىن تەيۋەننىڭ مۇستەقىللىقىغا ئوچۇق-ئاشكارە قارشى تۇرۇشنى جىمجىتلا چىقىرىپ تاشلاپ، بېيجىڭنى غەزەپلەندۈردى. بۇ ئامېرىكانىڭ خىتايغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى بىلدۈرەمدۇ ياكى سۆھبەت تاكتىكىسى تەيۋەننىڭ ئورنىنىڭ مۇنازىرە ئۈچۈن ئوچۇق ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پېتې خېگسېت (Pete Hegseth) ھەربىي چىقىمنى ئازايتىشنى پىلانلاۋاتىدۇ، ترامپ بولسا تەيۋەننىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچتىن تاموژنا بېجىنى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەممە تەيۋەن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك چىقىمىنى ئۆزى ئۆستىگە ئېلىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ بەلكىم ئامېرىكانىڭ قوغداش مەيدانىنى بەدەل تۆلەش بىلەن كۈچەيتىش مۇمكىن ياكى ئامېرىكانىڭ «ئارىلاشماسلىق» سىياسىتىگە قاراپ بۇرۇلۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن، يەنە بەلكىم ياپونىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەتنى ئۆستىگە ئېلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى مۇمكىن.

كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، پۇتىن شى جىنپىڭنى موسكۋادا ترامپ بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنغا تەكلىپ قىلدى، بۇ بەلكىم خىتاي بىلەن ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساس سېلىشى مۇمكىن. جۇغراپىيىلىك سىياسىي كېلىشىم ئامېرىكانىڭ تاموژنا بېجىنىڭ يۇمشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ ئارقىلىق شىنىڭ توختاپ قېلىش ھالىتىدىكى ئىقتىسادىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، يادرولۇق زىددىيەتلەر يەنىلا مەۋجۇت بولغاچ، توقۇنۇشتىن ساقلىنىشنىڭ يولى تېخى ئېنىق ئەمەس.

تارىختىكى مىساللار ۋە خەلقئارالىق رېئاللىق ئۇمىدۋارلىق كەيپىياتىنى بىرئاز پەسەيتىشى ھەممە خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىدىكى ھەر قانداق يۇمشاش بەكلا ئاستا ۋە ئاسانلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. بىز كۈتىدىغان ئەڭ ياخشى قىسقا مۇددەتلىك نەتىجە ۋەزىيەتنىڭ ۋاقىتلىق يۇمشىشى، ھەرگىزمۇ جىددىيلىكنىڭ ھەقىقىي پەسىيىشى ئەمەس.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://unherd.com/newsroom/china-and-america-find-common-ground-on-ukraine/


خىتاي تەتقىقاتى
ئامېرىكا ياردەمنى ئۈزدى، خىتايدىكى كىشىلىك
هوقۇق تەشكىلاتلىرى ئىشتىن توختىدى
لاۋرىي چىن

# ئامېرىكا ياردەمنى ئۈزگەندىن كېيىن خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزەتكۈچى تەشكىلاتلار خىزمەتنى توختاتتى

(2025-يىلى، 14-فېۋرال رويتېرس ئاگېنتلىقى خەۋىرى)

لاۋرىي چېن

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 14-فېۋرال بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرى:

خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىنى كۆزەتكۈچى ئونلىغان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلات ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپىنىڭ ياردەمنى ئۈزۈشىدىن كېيىن ئۆز خىزمىتىنى توختىتىپ، خىزمەتچىلىرىنى ئىشتىن بوشاتتى.

بۇ تەشكىلاتلار يىللاردىن بېرى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلارغا ۋە ئادۋوكاتلارغا يۈرگۈزگەن زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى ئىسپاتلاشتا ھالقىلىق رول ئوينىغان.

ئالدىنقى يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە ئۆز ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى دىرېكتورى مايا ۋاڭ (Maya Wang) مۇنداق دېدى: «بۇ ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ رىقابىتى سەۋەبلىك ئامېرىكا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىدىن ياردەمنى ئۈزگەن تەقدىردىمۇ، خىتايغا

مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا بېرىدىغان ياردەمنى ئۈزمەيدۇ دەپ قارىغان. ئامېرىكانىڭ ياردەمنى توختىتىپ قويۇشى خەلقئارالىق جەمئىيەتلەرگە ئىنتايىن ئېغىر زەربە بولىدۇ.»

بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تەشكىلاتلاردىن بىرى ئامېرىكادىكى «ئەركىنلىك ئۆيى» تەشكىلاتىدۇر. بۇ تەشكىلاتنىڭ بايانىچە، ياردەمنىڭ توختىتىلغانلىقى سەۋەبلىك، تەشكىلات ئۆزىنىڭ «خىتايدىكى ئۆكتىچى پىكىرلەرنى كۆزىتىش» تۈرىنى توختاتقان.

«ئەركىنلىك ئۆيى» تەشكىلاتىنىڭ مالىيە دوكلاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2024-يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن 80 مىليون دوللار ياردەم ئالغان بولۇپ، بۇ سومما ئۇنىڭ كىرىمىنىڭ 88 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

«ئەركىنلىك ئۆيى»نىڭ ئۆكتىچىلەر مەلۇمات ساندانى 2022-يىلىدىن بۇيانقى يەتتە مىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىنىڭ ئاستىلىشى ۋە ياشلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئېشىشى سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان نامايىشلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى بىلەن بۇ ساندان مۇخبىرلارنىڭ ۋە خىتاي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ مۇھىم قورالى ھالىغا كەلگەن.

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ رويتېرس ئاگېنتلىقىغا بەرگەن باياناتىدا «ئامېرىكا ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قايتا تەشكىللىنىشى ئامېرىكانىڭ ئىچكى ئىشى» دېگەن.

**مەبلەغ قىيىنچىلىقى**

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كۆزىتىش تەشكىلاتىدا ئىشلەيدىغان ۋاڭ ئەپەندىنىڭ مۆلچەرىچە، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئوخشاش ئىقتىسادىي ياردەمگە تايىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ ياردەمنى توختىتىش قارارى خىتاينى نىشانلىغان كىشىلىك ھوقۇق گۇرۇپپىلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

خىتاي قانۇنلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ چەتئەل مەبلىغىنى قوبۇل قىلىشىنى چەكلەيدۇ ۋە چەتئەلگە تەۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ خىتايدىكى پائالىيەتلىرىگە زور دەرىجىدە چەكلىمە قويىدۇ.

رەسمىي مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە ئامېرىكا 2024-يىلى خىتايدىكى مەسىلىلەر ئۈچۈن ئاساسلىقى «USAID» نىڭ ۋاستىسى بىلەن 10.7 مىليون دوللارلىق ياردەم ۋەدىسى بەرگەن. بۇ مەبلەغنىڭ يېرىمىغا يېقىنى، يەنى 5.2 مىليون دوللار دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ئائىت خىزمەتلەر ئۈچۈن بېرىلگەن.

ۋاڭنىڭ دېيىشىچە، خىتاينىڭ نۇرغۇنلىغان كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە تەشكىلاتلىرى يىللاردىن بېرى بارغانسېرى ئامېرىكانىڭ مەبلىغىگە ئېغىر دەرىجىدە باغلىنىپ قالغان. چۈنكى، خۇسۇسىي ۋەقىپلەر ۋە ساخاۋەتچىلەر بۇ ئىشلارغا پۇل چىقىرىشتىن ئۈزاق تۇرغان. باشقا ھۆكۈمەتلەر بولسا پۈتۈنلەي ئىنسانىي ياردەم قۇرۇلۇشلىرىغا ياردەم بېرىشنى تاللىغان.

«USAID» ئارقىلىق كەلگەن مەبلەغنىڭ قانچىلىكىنىڭ مۇئەييەن قۇرۇلۇش ياكى خىزمەتلەرگە سەرپ قىلغانلىقىغا ئائىت ھەممىگە ئوچۇق مەلۇمات يوق. خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ئالاقىدار كۆپلىگەن تەشكىلاتلار خىتاينىڭ ئۆزلىرىنى چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان دەپ ئەيىبلەشلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىگە كەلگەن ياردەملەرنىڭ مەنبەسىنى ئوچۇق ئېيتماسلىق يولىنى تۇتقان.

ترامپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ياردەملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى توقسان كۈن توختىتىپ قويۇش بىلەن بىرگە، ئۆزى «بىر ئوچۇم ساراڭلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلماقتا» دەپ سۈپەتلىگەن «USAID» تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىشكە تۇتۇش قىلدى.

بۇ ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش كۈچىنى ئازايتىش ۋە ئىسراپچىلىقنى دەپ قارالغان چىقىملارنى ئازايتىش تىرىشچانلىقىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

خىتاي ئۇزۇندىن بېرى ئامېرىكانى «USAID» ۋە ئامېرىكا پارلامېنتى تەرىپىدىن دەستەكلىنىدىغان «NED» ۋاستىسى ئارقىلىق ھۆكۈمەت قارمىقىغا تەۋە بولمىغان تەشكىلاتلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش ئارقىلىق خىتايدا «رەڭلىك ئىنقىلاب» چىقىرىشقا ئۇرۇنماقتا دەپ ئەيىبلەپ كەلدى.

بۇ ھەپتە خىتاي دۆلەت تېلېۋىزىيە قانىلى CCTV دا «USAID: ياردەم نامىدا قول تىقىش» ناملىق بىر پروگراما تارقاتتى.

خىتايدىكى زاۋۇتلاردا يۈز بەرگەن سۇيىئىستېماللارنى كۆزىتىش ئۈچۈن خىتاينىڭ تەجرىبىلىك ئەمگەك ھوقۇقى قوغدىغۇچىلىرىدىن لى چياڭ تەرىپىدىن قۇرۇلغان نيۇيوركنى مەركەز قىلغان «خىتاي ئەمگەك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»نىڭ يەتتە خىزمەتچىسى ئىشتىن بوشىتىلدى. لى ۋاقىتلىق ئىشلەش ۋىزىسى بولغان بەزى خىزمەتچىلىرىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇۋېتىلىش خەتىرىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

2021-يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ تەشكىلاتنىڭ مەبلىغىنىڭ تەخمىنەن توقسان پىرسەنتكە يېقىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن كېلەتتى. لىنىڭ تەخمىنىچە، ئۆتكەن يىلى تەشكىلاتنىڭ چىقىمى 800 مىڭ دوللار بولغان بولۇپ، ئۇ تەشكىلاتنىڭ بۇ يىللىق چىقىمىنى بىر مىليون دوللار دەپ مۆلچەرلىگەن.

لى مۇنداق دېدى: «بېرىلىدىغان ياردەمنى توختىتىش بىزگە ئىشلەۋاتقان تۈرلىرىمىزنىڭ ئەھمىيىتى يوقلىقىنى ئېيتقاندەكلا بىر ئىش.» لى ئەمدىلىكتە باشقا يوللار ئارقىلىق ياردەم قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. 

لى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشەندىم، بۇ ۋەجىدىن يېڭى ياردەم مەنبەلىرىنى تېپىشقا سەل قارىدىم. بۇ مېنىڭ ئىستراتېگىيىلىك خاتالىقىم ئىدى. ئەسلىدە بىز ئىلگىرىلا بىزگە بېرىلىدىغان ياردەم مەنبەلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرالايتتۇق.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.reuters.com/world/china/china-rights-monitors-suspend-work-lay-off-staff-after-us-aid-freeze-2025-02-14/



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2025 -يىلى 2– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 2 – ئاينىڭ 28- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2025-يىلى، 2-ئاي)

**2-ئاينىڭ 3-كۈنى**

**ختاي ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر-ساياھەتلىرىنى يۇقىرى دەرىجىدە چەكلىدى**

«كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى»نىڭ ئورگان تور بېتىدە ئېلان قىلغان باياناتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ختاي ھۆكۈمىتى چەتئەلگە ساياھەت قىلماقچى بولغان ئۇيغۇرلارغا قاتتىق چەكلىمە قويۇشنى داۋام قىلماقتا ئىكەن. باياناتتا، ختاي ھۆكۈمىتى دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. بىراق ختاينىڭ بۇنىڭدىكى مەقستى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلگە چىقىپ كىرىشنى چەكلىمىگەن بولۇپ كۆرۈنۈش ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

https://www.hrw.org/news/2025/02/03/china-travel-uyghurs-heavily-restricted

**2-ئاينىڭ 4-كۈنى**

**«ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» ئامېرىكادا غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى ئەسلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن**

«ھەممەيلەنگە ئادالەت» تەشكىلاتىنىڭ ئورگان تورى بولغان «justiceforall.org» تور بېتى «ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى»نىڭ ۋاشىڭتوندا غۇلجا ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئەسلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئائىت خەۋەر ئېلان قىلىپ، غۇلجا ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن. ئامېرىكادىكى مۇسۇلمان ئاكتىۋىست، «ھەممەيلەنگە ئادالەت» تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئابدۇلمالىك مۇجاھىد قاتارلىقلار بۇ پائالىيەتتە سۆز قىلىپ، ختاينىڭ يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارغا قارشى سىستېمىلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە دۇنيانىڭ سەل قاراۋاتقانلىقىغا بولغان ئەپسۇسلىنىشنى بىلدۈرگەن. پائالىيەتكە يەنە ئۇيغۇر ئاكتىۋىستلاردىن ئارسلان ھىدايەت قاتارلىقلارمۇ قاتناشقان.

https://www.justiceforall.org/save_uighur/save_uyghur_campaign_remembers_ghulja_massacre/

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

**ختاي شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك سىياستىنى كېڭەيتمەكتە**

ئامېرىكا ئاۋازى ئاگېنتلىقىنىڭ 13 ـ فېۋرال قاسىم قەشقەرى تەرپىدىن ئېلان قىلىنغان خەۋىرىگە قارىغاندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۋە تىبەتتە مەجبۇرىي ئەمگەك سالمىقىنى كۈچەيتكەنلىكى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارالىق ئەمگەك تەشكىلاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ختاي دائىرىلىرى ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركەزلىرى» دە ئۇيغۇرلارنى ھەقسىز ئەمگەككە سالغاندىن سىرت، «ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەن» يېزىلىق ئىشلەمچىلەرنى ختاي مىقياسىدا ھەر تۈرلۈك ھەقسىز ئەمگەككە سالماقتا ئىكەن.

https://www.voanews.com/a/un_report_china_expands_forced_labor_in_xinjiang_tibet/7974064.html

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

**خەلقئارالىق تەتقىقات ژۇرنالىزىم تورى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئاشكارلىدى**

فرانسىيەلىك ئەركىن مۇخبىر لى پوۋغىنى «كۆز ياشلىرىنىڭ چېگرىسى: ختاي تۈرمە ـ لاگېرلىرىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە ختاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنى «تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش» باھانىسى بىلەن جازا لاگېرلىرىدا جازالىغانلىقى، ختاي ئۆزىگە سىياسىي رەقىب دەپ قارىغان ئۇيغۇرلارغا مانا مۇشۇنداق باھانىلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان.

ئاپتور 2023 ـ يىلى بۇ مەسىلە ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قازاقىستانغا سەپەر قىلغان بولۇپ، ختاينىڭ جازا لاگېرلىرىدا يېتىپ چىققان قازاقىستان پۇقرالىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا توپلىغان ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق، ختاينىڭ ئالدامچىلىقلىرىنى، جىنايەتلىرىنى ئۆتكۈر شەكىلدە پاش قىلغان.

https://gijn.org/stories/interview-uyghur-victims-xinjiang-prison-camps/

**2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى**

**تايلاند قىرىق نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتتى**

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئۆزىنىڭ ئورگان تور بېتىدە «تايلاند قىرىق ئۇيغۇرنى مەجبۇرىي رەۋىشتە خىتايغا قايتۇرۇۋەتتى» ناملىق باياناتنى ئېلان قىلدى.

باياناتتا تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنلىرىغا، شۇنداقلا خەلقئارالىق قانۇنلارغا خىلاپ ھالدا، قىرىق نەپەر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇۋەتكەنلىكى، خىتايغا قايتۇرۇلغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ قولىدا قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا، خالىغانچە تۇتۇپ سولىنىشقا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا دۇچ كېلىدىغانلىقى قاتارلىق يامان ئاقىۋەتلەر بايان قىلىنغان.

باياناتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتايغا قايتۇرۇلغان بۇ ئۇيغۇرلار ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تايلاند تۈرمىسىدە ياتقان بولۇپ، ئۇلار 2025 ـ يىلى، 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى باڭكوكنىڭ سۇئان فلۇ كۆچمەنلەر مەركىزىدىن ئېلىنىپ، خىتاي جەنۇبىي ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا چىقىرىلغان، ئايروپىلان ئۇدا ئالتە سائەت ئۇچۇپ بىۋاستە قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپلا خىتاينىڭ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «خىتايدىن قانۇنسىز قېچىپ كەتكەن قىرىق نەپەر خىتاي گىراژدانىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇپ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى» توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. تايلاندنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى فۇمسام ۋېچاياچى (Phumtham Wechayachai) مېدىيا ئورگانلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا قىرىق نەپەر ئۇيغۇرنىڭ خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن.

https://www.hrw.org/news/2025/02/27/thailand-40-uyghurs-forcibly-sent-china

**2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى**

**ئامېرىكا تايلاندنىڭ 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئەيىبلىدى**

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماركو رۇبىيو تايلاندنىڭ 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى ئەيىبلىگەن. ماركو رۇبىيو «بىز تايلاندنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەڭ قاتتىق رەۋىشتە ئەيىبلەيمىز. ئۇيغۇرلار تۇرۇشلۇق ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي رەۋىشتە خىتايغا قايتۇرۇۋەتمەسلىككە چاقىرىمىز» دېگەن.

https://www.straitstimes.com/asia/se_asia/us_condemns_thailands_return_of_40_uighurs_to_china

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى



غۇلامىدىن پاختا

ئۇيغۇرلارنىڭ تەۋۋەرۇك ئوغلانى، ۋەتەنسۆيەرلىكنىڭ ئۇلگىسى، مۇستەقىللىق جەڭچىسى غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا ئەپەندى (1933-2025)



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە مەۋجۇدىيتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

تارىخنى بىلمىگەن ئەۋلاتنىڭ ئۆتمۈشىمۇ، كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ. -روبېرت خېينلېن